## ئې

ئېھتىراس — ھۆرمەت ، ئىززەت .

## ئى

ئىپتىخارلىنىش — شان ـ شەرەپ ھېس قىلىش ، پەخىرلە-
نىش .
ئىدىتلىق — رەتلىك ، جاي ـ جايىدا بولۇش .
ئىسيان — ئادالەتسىزلىككە نارازى بولۇپ قوزغىلىپ چى-
قىش .
ئىستىھكام — مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ياسالغان مۇستەھكەم
ئورۇن .
ئىلمىي تەجرىبە — ئىلىم ـ پەنگە ئاساسلىنىپ ئېلىپ
بېرىلىدىغان تەجرىبە .
ئىستىھزا — باشقىلارنى كۆلكە قىلىش ، مەسخىرە قىلىش ؛
مەسخىرە ، مازاق ، كىنايە .
ئىجتىھاتلىق — سەگەك ، ھەرىكەتچان ، ئىچى كۆچلۈك ،
تىرىشقاق .

## ھ

ھەتتىگىنەي — ئەپسۇسلىنىشنى بىلدۇرىدىغان سۆز .
ھەدىيە — تەقدىم قىلىنىغان نەرسە ، سوۋغات .

## ئو

ئوتقاش — مەشئەل

## ئۇ

ئۇلۇغۋار پىلان — بىرەر غايە ياكى نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن تۈزۈلىدىغان ، يىراق مەنزىل كۆزلەنگەن زور پىلان .
ئۇچقۇن — يېنىۋاتقان ياكى چوغقا ئايلانغان ئوتتىن ئەتراپقا چاچراپ چىقىدىغان ، ئوت ھاسىل قىلالايدىغان ئۇششاق زەررىچە .

## ئۆ

ئۆرتىنىش — دەرد ـ ئەلەم بىلەن قىينىلىش ، ئازابلىنىش .

## ۋ

ۋىجىك — ئاۋاق ، جانسىز ، ئاجىز .

م

مەمۇرچىلىق — باياشاتلىق ، تۆكمە ـ تۆكمە بولۇپ كېتىش ، مولچىلىق .

مەكتۇپ ① — بىرەر كىشىگە يېزىلغان خەت ② يازما شەكىلدە بايان قىلىنىدىغان مۇراجىئەتنامە .

مەيۇسلىنىش — كۆڭلى يېرىم بولۇش ، ئۈمىدسىزلىنىش .

مورىز — شىمالىي قۇتۇپتا ياشايدىغان بىر خىل هايۋان .

مۇغەمبەرلىك — ئالدامچىلىق بىلەن ئىش كۆرگۈچى ، هەيىيار ، قۇۋ ئادەملەرنىڭ ئىش ـ هەرىكىتى . هىيلىگەرلىك ، ساختىپەزلىك ، قۇۋلۇق ، خۇپسەنلىك .

مايىل — بىرەر ئىش ياكى نەرسىنى ياقلاش ، تەرىپىنى ئېلىش .

مىسكىن — ماددىي ياكى مەنىۋى جەھەتتە ئېغىر ئەهۋالغا چۈشۈپ قېلىپ ، كۆڭلى سۇنۇق ، غەمكىن ئەهۋالدا بولۇش .

مەھلىيا — بىرەر نەرسىگە قىزىقىپ قېلىپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان هالدا ئۇنىڭغا بېرىلىپ كېتىش .

مەپتۇن — بىرەر ئادەم ياكى بىرەر نەرسىگە كۆڭلى چۈشۈپ قېلىپ ئەس ـ هوشىنى يوقىتىش ، چىن دىلىدىن بېرىلىش ، شەيدا بولۇش .

مەستخۇش — بىرەر نەرسىدىن هاياجانلىنىش ، بىرەر نەرسە قاتتىق تەسىر قىلىش تۈپەيلىدىن هوشىنى يوقاتقاندەك بولۇش .

قۇسۇر — كەمچىلىك ، نۇقسان ، ئەيىب .
قاراۋۇل پوست ، ساقچى

## ك

كاھىش — يامغۇر ياكى ئېرىگەن قار ـ مۇز سۇلىرىنىڭ ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدىن تامچە بولۇپ ئۆتمەسلىكى ئۈچۈن ، ئۆگزىلەرگە يېيىتىلىدىغان ، خۇمداندا پىشۇرۇپ ياسالغان ، ياپىلاق خىش شەكلىدىكى پارقىراق ساپال .
كۇرۇژۇك — مەلۇم مەقسەت ، غايە بىلەن توپلانغان كىشىلەر توپى
كۇرە — دانلىق ئاشلىقلارنى ئۆلچەشتە قوللىنىلىدىغان سىغىم بىرلىكى ، بىر كۇرە ئون شىڭ ، ئون كۇرە بىر دادەن .
كارامەت — ئاجايىپ خىسلەت ، ھەيران قالارلىق ئىش ، مۆجىزە ؛ بىرەر ۋەقە ـ ھادىسىنى ئالدىن بىلىش .
كارغا يارىمايدىغان — يارامسىز ، ئىشلەتكىلى بولمايدىغان .
كانۋا — ھەر خىل رەڭلىك يىپتا ياكى بىر خىل رەڭلىك يىپتا كۆڭلەكلەرنىڭ ياقىسى ، يەڭنىڭ ئۇچى قاتارلىق جايلارغا تۇتىدىغان كەشتە .

## ل

لەمپە — ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىنىڭ سەل ئالدىغىراق چىقىرىپ ياسالغان يېرى .

## س

سوغۇق نەزەر — بىرەر ئىش ياكى ئادەمگە ئىللىق مۇئامىلىدە بولماسلىق ، ياخشى پوزىتسىيە تۇتماسلىق ، ياخشى كۆزدە قارىماسلىق .
سۇلغۇن — بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كېلىش ياكى بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچراش سەۋەبىدىن روھىي ھالىتى چۈشكۈن بولۇش ، جۈشقۇن بولماسلىق .
سەكرات — ئۆلۈم ئالدىدىكى جان تالىشىش پەيتى .

## ش

شىبلىت — ئەرلەرنىڭ خۇرۇمدىن تىكىلگەن قونچىسىز يازلىق ئايىغى .

## غ

غايىبانە كۈچ — كۆتۈلمىگەن ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ئەھۋالدا بىردىنلا پەيدا بولىدىغان بىر خىل جاسارەت ، كۈچ ، سېزىم .

## ق

قۇمساڭغۇ توپا — قۇم ئارىلاش توپا .
قارام قىلىش — ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ، بېقىندۇرۇش ، باشقىلارنىڭ ھوقۇقىنى ئۆزىگە تەۋە قىلىۋېلىش .

خۇشبۇي ھىد — مەززىلىك پۇراق ، خۇش پۇراق .

## د

دەتالاش — تالاش ـ تارتىش ؛ ئۆز سۆزى ياكى پىكرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش يولىدا تالاش ـ تارتىش قىلىش .
دەماللىققا — دەرھال ، شۇ ھامان .
داق يەر — ھېچنېمە (كىگىز ، گىلەم ، پالاس ياكى بورا ) سېلىنمىغان يەر
دادەن — دانلىق ئاشلىقلارنى ئۆلچەشتە قوللىنىلىدىغان سىغىم بىرلىكى ، بىر دادەن ئون كۇرە كېلىدۇ . (بىر كۇرە تەخمىنەن 40 جىڭ كېلىدۇ ) .

## ر

روناق تېپىش — بىرەر ئىشنىڭ يولىنى ، ئېپىنى تېپىۋېلىپ راۋاج تېپىش ، باي بولۇش ، گۈللەپ ـ ياشناش .

## ز

زوق ـ شوق بىلەن — پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ، خۇشاللىق بىلەن ، مەيلى بىلەن ، پۈتۈن ئىشقى بىلەن .

## ت

تەنها — يالغۇز
تەتقىقات ماتېرىيالى — شەيئى، ۋەقەلەرنىڭ ماھىيىتى، خۇسۇسىيىتى ۋە قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار.
تەقەززا بولۇش — ئىنتىزار بولۇش، تەشنا بولۇش، ئىنتىلىش.
تالاپەت — ئۇرۇش ياكى باشقا ھادىسىلەردە كۆرۈلگەن ئۆلۈم - يېتىم ئەھۋالى ياكى ماددىي زىيان.

## ج

جامائەت — كۆپچىلىك، مەسچىت ئەھلى.
جور بولۇش — قوشۇلۇش، تەڭكەش قىلىش.

## چ

چىمەلتەك سۆڭىكى — قول ياكى پۇت بارماقلىرىنىڭ ئەڭ كىيىنكى (بەشىنچى) بارماق سۆڭىكى.
چىرايى ئۆڭۈش — بىرەر نەرسىدىن رەنجىش، ئوڭايسىزلىنىش تۈپەيلىدىن چىرايى تاتىرىپ ياكى ئاقىرىپ كېتىش.

## خ

خىلۋەت — ئادەملەر ئاز، قالايمىقانچىلىق يوق، تىنچ، خالىي جاي.

بەڭۋاش — ئۆزى بىلگەننى ، كۆڭلى خالىغاننى قىلىدىغان ؛ باشباشتاق .
بەدەر — تېز ، دەرھال .
بىشەم — ئىزا تارتمايدىغان ، بەتخۇي ، قىلىقسىز .
بىھۇدە — پايدىسىز ، مەنپەئەتسىز ، بىكار ، ئورۇنسىز ، ناھەق .
بىليارت — مەخسۇس ياسالغان ئۈستەلدە شارلارنى ئۈستەلنىڭ يېنى ۋە بۇرجەكلەردىكى تۆشۈكچىلەرگە چۈشۈرۈش ئويۇنى .
بۇردا — كىچىك پارچە ، بۆلەك (ئاساسەن نان قاتارلىق يېمەكلىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ ) .
بۇژغۇن — سۇنىڭ قاتتىق دولقۇنلىشىدىن ھاسىل بولغان ئاق كۆپۈك .
بىنەم — پەقەت يامغۇرنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ تېرىلىدىغان يەر .

پ

پىئانىنو — بىر خىل تىللىق چالغۇ ئەسۋابى ، ئىچكى قىسمىغا نۇرغۇنلىغان مېتال تارلار ۋە تىۋىتلىق رەخت ئورالغان بولقىسىمان كىچىك تاياقچىلار ئورنىتىلغان بولۇپ ، تىلى بارماق بىلەن بېسىلغان ھامان تاياقچىلار تارغا ئۇرۇلۇپ ، ئاۋاز چىقىرىدۇ .
پوزىتسىيە — ① ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ تۇتقان ئورنى ، ئىشغال قىلىپ تۇرغان جايى ؛ ② (كۆچمە مەنىدە ) بىرەر مەسىلىگە قارىتا تۇتۇلغان يول ، نۇقتىئىنەزەر .

# سۆزلەرگە ئىزاھات

## ئا

ئارخېئولوگ — قېزىۋېلىنغان ياكى قەدىمدىن ساقلىنىپ قالغان يادىكارلىقلار ۋە ئىزلارغا ئاساسەن ، دەۋرلەر تارىخىنى ، يەنى خەلقلەرنىڭ تارىخىي ئۆتمۈشىنى ، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىم ، مۇتەخەسسىس .

ئاياغ — ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان ، ياپپاق تەخسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان چوڭ قاچا .

## ئە

ئەجداد — بۇرۇن ئۆتكەن نەسىل ـ نەسەب ، ئاتا ـ بوۋىلار .

ئەپسۇس — ئۆكۈنۈش ، ئېچىنىش .

ئەما — كۆزى كۆرمەس ، قارىغۇ .

ئەتىمالىم — ئېھتىمال .

## ب

بەھرە ئالماق — پايدا ، مەنپەئەتكە ئىگە بولماق ؛ پايدىلانماق ، بەھرىمەن بولماق .

دە سۈت جاۋۇرىنى ئۇنىڭغا تەڭلىدىم قىز ئورۇق ئەپچىل قولى بىلەن چۆگۈنگە قىستۇرۇپ قويغان كورۇشكىسىنى ئالدى ـ دە ئاۋايلاپ قۇيۇشقا باشلىدى ،ئۇنىڭ مۇرىسىدە يەنىلا ھېلىقى سېرىق سومكىسى ئېسىقلىق تۇراتتى ،قىز مېنىڭ جاۋۇرۇمغا ئىككى كورۇشكا سۈت قۇيۇپ بەرگەندىن كېيىن كېتىپ قالدى .

5 . ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن ئۆزۈڭلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئەسلەشكە ئەرزىگۈدەك ۋەقەلىكتىن بىرنى تاللاپ چىقىپ ، بىر پارچە خاتىرە يېزىڭلار . بۇ ئەدەبىي خاتىرەڭلاردا ساۋاقدىشىڭلارنىڭ سىرتقى قىياپىتىدىكى ئالاھىدىلىكنى ھەمدە روھىي ھالەت تەسۋىرىنى مۇۋاپىق يېزىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىڭلار .

6 . قىشلىق تەتىل يېقىنلىشىپ قالدى ، تەتىل جەريانىدا بىرەر كىتاب ئوقۇپ ، كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى يېزىپ كېلىڭلار . بۇنىڭدا كىتابنىڭ نامى ، ئاپتورى ، قانداق ۋەقە بايان قىلىنغانلىقىنى ، بۇ ۋەقەلىك ئىچىدە ئۆزۈڭلارغا ئەڭ تەسىر قىلغان قىسمى ۋە ئۇ ھەقتىكى تەسىراتىڭلارنى تەپسىلىي ، كونكرېت يېزىڭلار . تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلىڭلار . خەتنى چىرايلىق ، ئوچۇق ۋە ئىملانى توغرا يېزىڭلار .

7 . تەتىل جەريانىدا «ئەقىللىق بولۇشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ ، مۇھىمى ئەقىلنى ئىشلىتىشنى بىلىش كېرەك» ۋە «ئەجىر قىلساڭ چۆلگە ، پۈركىنىسەن گۈلگە» دېگەن سۆزلەرنى ھۆسنخەت بىلەن چىرايلىق يېزىپ كېلىڭلار .

**ئۆلگە :** ① سەن بۇ ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن ئويلان .
② بىز بۇرۇن ئارقىلىق نەپەس ئالىمىز .

3 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنى رەتلەپ ، مەلۇم ئوي ـ پىكىرنى بىلدۈرىدىغان جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭلار .

(1) ئىكەن ئايال ئانىسى ئەخمەتنىڭ ياتقان
(2) تېز پاھ ماڭىدىكىنا ئەجەب
(3) قىلماقچىمەن ياخشى مەن ئىش
(4) ئوقۇۋاتىدۇ كىتاب ئۇ
(5) مەن ئوقۇيمەن چوڭ ئالىي مەكتەپتە بولسام

4 . تۆۋەندىكى پارچىنى مۇۋاپىق تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇپ كۆچۈرۈڭلار ھەمدە سۈتچى قىزنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى قايسى تەرەپلەردىن يېزىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىڭلار .

ھەر كۈنى سەھەردە مەھەللىمىزدە بىر قىزنىڭ مۈرىسىگە ئۆڭۈپ كەتكەن سېرىق سومكا ئاسقان ھالدا ئاپئاق چۆگۈننى كۆتۈرۈپ ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ سۈت سېتىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالاتتىم كۈنلەر ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئوماق چىرايىغا ياراشقان كونا كىيىملىرىمۇ كۆزۈمگە سىڭىپ قالدى، ئۇنىڭ ياغلىقى ئۇزاق يىل ئارتقانلىقتىن رەڭگى ئۆچ-كەن، پاختىلىق چاپىنىنىڭمۇ كونلىقى چىقىپ تۇراتتى، بىراق قىز چىرايلىق بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ئاشۇ كىيىم ـ كېچەكلىرى كونا بولسى-مۇ كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى، بۈگۈنمۇ كۈندىلىك ئادىتىم بويىچە سەھەر تۇردۇم يۈز ـ كۆزلىرىمنى يۇيۇپ بولۇپ قولۇمغا سۈت چاۋۇرنى ئالدىم ـ دە ئىشىك ئالدىغا چىقتىم ئۇزاق ئۆتمەي ھېلىقى سۈتچى قىز پەيدا بولدى مەن قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ
سۈتىڭىز ئاشامدۇ دەپ سورىدىم
قىزچاقنىڭ چىرايىدا ئىللىق تەبەسسۇم جىلۋىلەندى ـ دە ئاشىدۇ دېدى
مەن قىزنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ قويدۇم ـ

## سەككىزىنچى مەشىق

1 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ يېنىغا يۇقىرى ـ تۆۋەن ئىسترېلكا بىلەن كۆرسىتىلگەن تىرناقلار بېرىلگەن ، يۇقىرىدىكىسىگە مەنىداش سۆزلەرنى ، ئاستىدىكىسىگە قارشى مەنىدىكى سۆزلەرنى يېزىڭلار .

(1) قىڭغىر ( ) ( )

(2) گۈزەل ( ) ( )

(3) جەم بولۇش ( ) ( )

(4) يوغان ( ) ( )

(5) چاپسان ( ) ( )

(6) سومۇرۇش ( ) ( )

2 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ھەربىرىگە ئىككىدىن جۈملە تۈزۈڭلار ، بۇ سۆزلەر ھەربىر جۈملىدە ئايرىم ـ ئايرىم مەنىنى ئىپادىلىسۇن .

(1) بۇرۇن (2) تىل

(3) قىل (4) ئوت

(5) ئۆت (6) بار

پولاتتىن ياسالغان ئارىنى بار كۆچى بىلەن سىپسىقكۆزەنگە سانجىماق بولاتتى ، لېكىن سىپسىقكۆزەن شۆخغۆپ بىرىپ ، بالىنىڭ چاترىقىدىن ئۆتۈپ قېچىپ كېتەتتى » ، «بۇ بالا — ئەنە شۇ رۇڭ تۇ ئىدى » .

ئاپتور ئۆسمۈر رۇڭ تۇ ئەڭ يىششىق بىلىدىغان ئىش- لارنى يېزىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، «مەن » نىڭ بۇ جەھەتتىد- كى بىلىمىنىڭ يېتەرسىزلىكىنىمۇ يازىدۇ : «مەن يەر يۈزد- ە مۇنداق قىزىق نەرسىلەرنىڭ — دېڭىز بويلىرىدا ھەر خىل قۇلۇلە قاپلىرىنىڭ بولۇشى ۋە تاۋۇزلۇقلاردا بۇنداق خەتەرلىك ۋەقەلەرنىڭ بولۇپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچقاچان ئاڭلىمىغانىدىم . تاۋۇزلارنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى پەقەت باققال دۇكانلىرىدىنلا بىلەتتىم » ، «پاھ ، پاھ ! رۇڭ تۇ مەن ۋە مېنىڭ باشقا دوستلىرىم بىلمەيدىغان ئاجايىپ- غارايىپ ھەيران قالغۇدەك نەرسىلەرنى بىلىدىكەن - ھە !» . رۇڭ تۇ «مەن » گە يەر يۈزىنىڭ ئەسلىدە شۇنچە كەڭرى ئىكەنلىكىنى ، شۇنچىۋالا يېڭى - يېڭى ، نۇرغۇن ئىشلارنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈپ ، كۆز ئالدىدا گويا يېڭى بىر دۇنيانى ئېچىپ بەرگەندەك بولىدۇ . مۇشۇنداق سىپلىشتۇرۇش ئار- قىلىق ئۆسمۈر رۇڭ تۇنىڭ مول بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكى ماختىلىدۇ ، شۇنداقلا 30 يىل ئاۋۋالقى ئۆسمۈرلۈك دەۋرد- ىكى دوستى ئەسلىنىدۇ .

بىز بۇ ئەسەردىن ، شەخسلەرنى يازغاندا ئۇنىڭ ئالاھىد- ىلىكىنى قانداق تۇتۇپ يېزىش كېرەكلىكىنى ئۆگىنىۋالا- لايمىز .

باللىرى ئەڭ پىششىق بىلىدىغان ئىشلار ، شۇنداقلا ئۆسمۈر باللارنىڭ ھاياتىغا خۇشاللىق بېغىشلايدىغان قىزىقارلىق ئىشلاردۇر . بۇ بىرنەچچە ئىش يېزىلىش بىلەن رۇڭ تۇنىڭ ھەقىقەتەن ئەقىللىق ، قابىلىيەتلىك ، تېتىك ۋە سۆيۈملۈك يېزا بالىسى ئىكەنلىكى تېخىمۇ جانلىق گەۋدىلىنىدۇ .

بۇ بىرنەچچە ئىش ئىچىدە ئاپتورغا تەسىرى ئەڭ چوڭ-قۇر بولغىنى تاۋۇزلۇقنى كۆزىتىپ ، سېسىقكۈزەن ئۆلتۈ-رۈش بولۇپ ، ئاپتور بۇنى نۇقتىلىق تۇردە يازغان . يېزىلار-دىكى باللارنىڭ چوڭلار بىلەن بىللە تاۋۇزلۇقنا قارىشى ، ئەسلىدە چوڭلارغا ياردەملىشىش بولسىمۇ ، لېكىن باللار-نىڭ نەزەرىدە ئۇ ئىنتايىن قىزىقارلىق ئىش . ئاپتور رۇڭ تۇنىڭ «مەن» بىلەن قىلغان سۆھبىتى ئارقىلىق تاۋۇزلۇق-نى كۆزىتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىشنى جانلىق تەسۋىرلىگەن . مەسىلەن ، «ئايدىڭدا ‹چا ـ چا › دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ . مانا مۇشۇ سېسىقكۈزەن ، ئۇ تاۋۇزلارنى يەيدۇ ، دەل شۇ چاغدا پولات ئارىنى ئالىسەن ـ دە ، ئاستا ماراپ تۇرىسەن ...» ، «ماراپ تۇرىسەندە ، پولات ئارا بىلەن راسا كەلتۈرۈپ سانـ-جىيسەن ! لېكىن ، ئۇ ناھايىتى قۇۋ ، ئېھتىيات قىلمىساڭ تويتوغرا ئۆزۈڭگە ئېتىلىدۇ ـ دە ، ئىككى پۇتۇڭنىڭ ئارد-سىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ . ئۇنىڭ تۈكى خۇددى ياغلاپ قويغاذ-دەك سىلىق بولىدۇ ...» كۆز ئالدىمىزدا گويا بىر يېزا بالىسىنىڭ ئايدىڭدا سېسىقكۈزەنگە ئارا سانجىۋاتقانلىقى پەيدا بولغاندەك سېزىلىدۇ . ماقالىدىكى «مەن» ئوتتۇز يىلدىن كېيىنمۇ ئۇنى ناھايىتى ئوچۇق ئەسلەيدۇ : «بوينىغا كۈمۈش چەمبىرەك ئاسقان 11 — 12 ياشلاردىكى بىر بالا ، قولىدىكى

دۇپدۇگىلەك بالا بولۇپ ، بېشىغا كىگىز مالىخاي كىيگەن ، بويىنىغا پارقىراق كۈمۈش چەمبىرەك ئېسىۋالغانىدى .» بۇ ئارقىلىق بىر يېزا بالىسىنىڭ تاشقى قىياپىتى تەسۋىرلەپ بېرىلگەن . رۇڭ تۇ دېگىز ياقىسىدىكى دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بالا ، ئۇ ھەمىشە سىرتتا ئەمگەك قىلغانلىقتىن ، دېگىز شامىلى ۋە قۇياش نۇرى ئۇنىڭ چىرايىنى ساغلام تۇسكە كىرگۈزگەنىدى ؛ «كىگىز مالىخاي» شۇ چاغدا لۇشۇننىڭ يۇرتى شاۋشىڭ ئەتراپىدىكى دېھقانلار كۆپ كىيىدىغان باش كىيىملىرىدىن ئىدى ؛ بويىنىغا «كۈمۈش چەمبىرەك» ئېسىشمۇ شۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ئىدى . ئاپتورنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىن شۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇكى ، «بۇنىڭغا قارىغاندا ئاتىسى ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن خۇداغا نەزىر قىلىپ ، مۇشۇ چەمبىرەكنى ئېسىپ قويغان بولسا كېرەك» . ئاپتور ئۆسمۈر رۇڭ تۇنى تەسۋىرلىگەندە ، مۇشۇ ئۈچ ئالاھىدىلىكنى تۇتقانلىقتىن ، ئۇ كىشىلەردە روشەن تەسىر قالدۇرغان .

ئاپتور ئۆسمۈر رۇڭ تۇ ھەققىدە يەنە مۇنۇ بىرنەچچە ئىشنىمۇ يازغان : ئۇ باسماق قويۇپ قۇشقاچ تۇتۇشنى بىلىدۇ ؛ ئۇ بۆدۈنە ، تورغاي ، كەپتەر ۋە پاختەكلەرنى ··· بىلىدۇ ، ئۇ دېگىز بويلىرىدىن قۇلۇلە قاپلىرىنى تېرىدۇ ، كەلكۈن كەلگەن چاغلاردا ئۈچىدىغان بېلىقلارنىڭ سەكرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىدۇ ، ئۇ ئاتىسى بىلەن بىللە تاۋۇزلۇقتا بېرىپ ، تاۋۇز كۆزىتىدۇ ، سېسىقكۈزەننى ئۆلتۈرۈشنى بىلىدۇ . بۇلار دېگىز ساھىلىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان يېزا

## يېزىقچىلىق

# شەخسنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتۇش لازىم

«ئۆسمۈر رۇڭ تۇ» نى ئوقۇغاندا، رۇڭ تۇدىن ئىبارەت بۇ شەخس بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. بىزمۇ گويا بوينىغا كۈمۈش چەمبىرەك ئاسقان 11 — 12 ياشلاردىكى بىر بالىنىڭ قولىدىكى پولات ئارىنى بار كۈچى بىلەن سېسىقكۈزەنگە سانجىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولىمىز. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، ئاپتور ئۆسمۈر رۇڭ تۇنىڭ تاشقى قىياپىتى، ھەرىكىتى ۋە سۆزلىرىنى تەسۋىرلىگەندە، بۇ شەخسنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۇتقان، نەتىجىدە ئۇ بىزدە ھەم ھەقىقىي، ھەم جانلىق تەسىر قالدۇرغان.

«ئۆسمۈر رۇڭ تۇ» لۇشۈن ئەپەندىنىڭ «يۇرتۇم» دېگەن ھېكايىسىدىن ئېلىنغان. «يۇرتۇم» دا ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى رۇڭ تۇ يېزىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ چوڭ بولغان ۋاقتىدىكى ئەھۋالىمۇ يېزىلغان. بىز بۇ ئەسەر ئارقىلىق ئاپتورنىڭ ئۆسمۈر رۇڭ تۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قانداق تۇتقانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى. «مەن» نىڭ رۇڭ تۇنى تۇنجى قېتىم كۆرگەنلىكىنى ئاپتور مۇنداق يازىدۇ: «رۇڭ تۇ ئاشخانىدا ئولتۇرغانىكەن. ئۇ بۇغداي ئۆڭلۈك، يۈزى

كۆزى قىيمىدى ؟

2 . ئاپتور ئابدۇخالىقنى قانداق تەسۋىرلىگەن ؟ ئەنەيتۇلىنچۇ ؟ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار ؟

3 . ئابدۇخالىق بىلەن ئەنەيتۇلىنىڭ تاشقى قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن جايلارنى تېپىپ ، ئاستىغا سىزىڭلار .

4 . ئابدۇخالىق تونۇشقان بالىلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى تېكىستتىن تېپىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز سۆزۈڭلار بويىچە تەسۋىرلەڭلار . بولۇپمۇ ئابدۇۋايىتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتۇپ تەسۋىرلەشكە دىققەت قىلىڭلار .

كەتتى . قوغۇنلۇقتىن قايتىپ ، كۆلگە بېرىپ سۇغا چۆمۈلۈشتى . كەچقۇرۇنلۇقى كارىزنىڭ تىلما بويىدىكى مۇزدەك قۇمدا يېتىپ چۆچەك ، تېپىشماق ئېيتىشىشتى . ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى .

مىجىت ھاجى شەھەرگە قايتماقچى بولدى . ئابدۇخالىق يېڭى تونۇشقان دوستلىرى بىلەن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلىشىپ شەھەرگە قايتتى .

## كۆنۈكمە

1 . تېكىستنى مۇستەقىل ئوقۇپ ، تۆۋەندىكى سوئاللار بويىچە قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار .

1 ) ئابدۇخالىق كىم بىلەن قەيەرگە باردى ؟ كىم بىلەن تونۇشتى ؟

2 ) ئەنەيتۇل ئابدۇخالىقنىڭ قانداق نەرسىلىرىگە ھەيران قالدى ؟ نېمە ئۈچۈن ؟

3 ) بىرىنچى بۆلەككە نېمە ئۈچۈن «ئاجايىپ بالا» دەپ ئىسىم قويۇلغان ؟

4 ) يېڭى دوستلىرى ئابدۇخالىققا قانداق مۇئامىلىدە بولدى ؟

5 ) ئەتىگەنلىك ناشتا ۋاقتىدا ئابدۇخالىققا نېمە ئۈچۈن زاغرا نان تاتلىق تېتىپ كەتتى ؟

6 ) بالىلار قانداق ئويۇنلارنى ئوينىدى ؟

7 ) دادىسى ئابدۇخالىقنى ئېلىپ قايتىپ كەتمەكچى بولغاندا ، ئابدۇخالىق نېمە ئۈچۈن دوستلىرىدىن ئايرىلىشقا

ۋالدى . ئابدۇخالىق ئورنىدىن تۇرۇپلا «يەنە چېلىشىمەن» دېدى . ئۇلار ئىككىنچى قېتىم چېلىشتى . ئىككىنچى قېتىممۇ ئوخشاشلا ئابدۇخالىق يىقىلىپ قالدى . «يىقىلغان چېلىشىشقا تويماپتۇ» دېگەندەك ، ئۇ «يەنە چېلىشىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى . ئۇ ئىككىسى ئۇچىنچى قېتىم چېلىشقاندا ، ئابدۇخالىق ئەنەيتۇلغا تۇيۇقسىزلا بىر تەتۇر چىرماق سېلىپ ئۇنى گۇپپىدە يىقىتىۋالدى . ئۇلار شۇ يوسۇندا كەينى - كەينىدىن بىرقانچە مەرتىۋە چېلىشىشتى . ئابدۇۋايىت ئابدۇخالىقنى قانداق پەنت قىلىشنى ئۆگىتىپ تۇردى . شۇنداق قىلىپ ئابدۇخالىق چېلىشىشنى ئۆگىنىۋالدى . ئۇ ئېلى دېگەن بالا بىلەن چېلىشىپ ئۇنى يىقىتىۋالدى . بىرھازادىن كېيىن باللار چېلىشىپ ھاردى .

بۇ چاغدا كۈن ئىدىقۇت تېغى ئۈستىدىن خېلىلا ئېگىز ئۆرلەپ ، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر نۇرلىرى بىلەن يەر - جاھاننى قىزدۇرۇشقا باشلىغانىدى .

— ماللارمۇ ئوتلاپ تويغاندۇ ، ئاداشلار ، كېتىمىزمۇ؟ — دېدى ئابدۇۋايىت باللارغا .

— كېتىمىز ، يۈرۈڭلار ! — دەپ ۋارقىراشقان باللار يۈگۈرۈشۈپ دۆڭگە چىقتى . ئۇ يەردىن پەسكە — ماللىرى ئوتلاۋاتقان ئوتلاققا بېرىپ ئېشەكلىرىنى تۇتۇپ مىنىشتى . باللار ئولاش - چولاش ۋارقىرىشىپ ، ماللىرىنى ھەيدىشىپ شىمالغا — مەھەللە تەرەپكە مېڭىپ كەتتى .

ئابدۇخالىق ئۆيگە كېلىپ ، ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ بولۇشىغا ئابدۇۋايىت ، ئەنەيتۇللار ئۇنى قوغۇنلۇققا ئېلىپ

— مەن چېلىشىشنى بىلمىسەم، — دېدى ئابدۇخالىق قىزىرىپ.

— قوپە ئادىشىم، بىلمىسەڭ ئۆگىنىسەن، — دېدى ئابدۇۋايىت ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ.

ئابدۇخالىق ئورنىدىن تۇردى. ئابدۇۋايىت ئۇنىڭغا قاراپ دېدى:

— ئۇچاڭدىكى كۆڭلىكىڭنى سېلىۋەت، ئۇ بەك يېڭى ئىكەن، يەرگە تېگىپ ئەسكى بولۇپ كەتمىسۇن. ئىشتىنىڭنىڭ پۇچقىقىنى يوتاڭغىچە تۇرۇۋال.

«ھىم» دەپ بېشىنى لىڭشىتقان ئابدۇخالىق بىر دەمدىلا تەييارلىنىپ بولۇپ مەيدانغا چۈشتى. ئابدۇۋايىت ئۇنىڭغا رەقىبىنى قانداق تۇتۇشنى ئۆگەتتى. ئارقىدىن ئۇنىڭغا بىرنەچچە خىل ھەرىكەت پەنتىنى ئۆگەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئابدۇخالىقنى ئۇيان - بۇيانغا چايقاپ تۇيۇقسىزلا چىرماق سېلىپ يىقىتتى. ئابدۇخالىق قوپقاندىن كېيىن ئۇ:

— مانا مۇشۇنداق تۇيۇقسىز پەنت قىلىپ، ناھايىتى تېز، چەبدەس ھەرىكەت قىلساڭ رەقىبىڭنى يېڭەلەيسەن، — دېدى.

ئابدۇخالىق «بولىدۇ» دەپ تۇرۇپ تۇيۇقسىزلا بىر تەتۈر چىرماق سېلىپ ئابدۇۋايىتنى گۈپپىدە يىقىتىۋالدى.

— مانا ئەمدى چېلىشىشنى ئۆگىنىۋاپسەن، قېنى ئاۋۇ ئەنەيتۇل بىلەن چېلىشىپ باق، — دېدى ئابدۇۋايىت.

ئابدۇخالىق ئەنەيتۇلنىڭ ئالدىغا باردى. چېلىشىش باشلاندى. بىرىنچى قېتىم ئەنەيتۇل ئابدۇخالىقنى يىقىتتى-

قىزىرىپ .

— كەل تۆت ! — دېدى سېلىمنىياز . ئابلىمىت شۇئانلا بېرىپ سېلىمنىيازغا يېپىشتى . ئۇ سېلىمنىيازنى ئۇيانغا چايقاپ ، بۇيانغا ئىتتىرىپ تۇرۇپ تۇيۇقسىزلا يەردىن لىككىدە ئۈزۈپ ئېلىپ كۆتۈرۈپ ، ئىككى پىرقىرىتىپ يەرگە پوككىدە تاشلىدى .

— ھا ـ ھا !

— بەللى يارايسەن ، — دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى بىرنەچچە بالا .

— قېنى ئەمدى ، بۇ ئىككىسىنى تۆتىدىغان ئوغۇل بالىلار مەيدانغا چۈشۈڭلار ، — دېدى ئابدۇۋايىت .

— مەن قارازور بىلەن چېلىشىمەن ، — دېدى 13 ياشلاردىكى يۈزىدە چوقۇرى بار ھازىم ئىسىملىك بالا .

— سەن قارازورنى يىقىتالمايسەن ، — دېيىشتى بىرنەچچە بالا .

ھازىم بالىلارنىڭ گېپىگە پەرۋا قىلمىدى .

— مەن ئابلىمىتنى يىقىتمىسام ھېساب ئەمەس ، — دەپ ھامۇت ئورنىدىن تۇردى .

مەيدانغا چۈشكەن ئىككى جۈپ بالا ئۈچ قېتىمدىن چېلىشىپ چىققتى . ھازىم سېلىمنىيازدىن يىقىلىپ قالدى . ھامۇت ئابلىمىتنى يىقىتىۋالدى .

ئابدۇۋايىت بالىلارنىڭ چېلىشقىنىنى قىزىقىپ كۆرۈپ ئولتۇرغان ئابدۇخالىققا قاراپ :

— ئىككىمىز بىر چېلىشىپ باقمايلىمۇ؟ — دېدى .

ئولاشتى .

— ئابلىمىت ، سەن قارازور بىلەن بىر چىلىشىپ باقە ، — دېدى ئابدۇۋايىت بىر چەتتە تۇرغان ئابلىمىتقا .

ئابلىمىت «چىلىشسام ، چىلىشاي» دەپ ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى تۇرۇپ ئوتتۇرىغا چۈشتى .

— چۈشمەمسە قارازور ، — دېيىشتى بالىلار ئابدۇۋا-يىتقا يېقىن ئولتۇرغان ، ئابلىمىت بىلەن تەڭ دېمەتلىك قارىمۇتۇق ، ئورۇقراق كەلگەن سېلىمنىياز ئىسىملىك با-لىغا قارىشىپ .

سېلىمنىياز بۇ مەھەللىدىكى تەڭتۇش بالىلار بىلەن چىلىشىپ ھەممىسىنى يىقىتقاچقا بالىلار ئۇنى «قارازور» دەپ ئاتىشاتتى . سېلىمنىياز ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ ، مەي-دانغا چۈشتى . ئىككى بالا خۇددى سوقۇشقاق خورازلاردەك بىر - بىرىگە ھۈرپىيىشىپ بىر پەس تۇردى - دە ، بىردىنلا ئىتتىك يېقىنلىشىپ بىر قولىدا قارشى تەرەپنىڭ بېلىنى ، يەنە بىر قولىدا يوتىسىغىچە تۇرۇلگەن ئىشتىنىنى تۇتۇپ چىلىششقا باشلىدى . ئۇيان چايقىلىشىپ ، بۇيان چايقىلى-شىپ تۇرۇپ سېلىمنىياز تۇيۇقسىزلا ئابلىمىتنىڭ ئوڭ پۇتىغا چىرماق سېلىپ ، ئارقىغا قايرىپ پوكلا قىلىپ بېسى-ۋالدى . بالىلار چۇرقىرىشىپ كېتىشتى .

— بولدى ، بولدى ھېساب ، قارازور تۇرۇپ كەت ، — دېدى ئابدۇۋايىت . سېلىمنىياز تۇرۇپ كېتىشكە ئۇنىڭ ئاستىدىن تۇرغان ئابلىمىت :

— بۇ ھېساب ئەمەس ، يەنە بىر چىلىشىمەن ، — دېدى

چاغدىلا ئابدۇخالىق ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىلدى . مېغىز بىلەن يېگەن زاغرا نان ئۇنىڭغا تاتلىق تېتىپ قالدى . ئۇ قولىدىكى ناننى بىردەمدىلا يەۋەتكىنىنى تۇيمايلا قالدى . ئابدۇۋايىت ئۇنىڭغا يەنە بىر ئوچۇم ئۆرۈك قېقىنى ئېلىپ بەردى . بىر چاغدا بالىلار نان ، مېۋىلەرنى يەپ بولۇپ «داستىخان» نى قۇرۇقداپ قويۇشتى . ئابدۇۋايىت يېنىغا ئېسىۋالغان ، سارغىيىپ پارقىراپ كەتكەن كىچىك قاپاقنى قولىغا ئېلىپ ، ئاغزىنى ئاچتى . ئۇ :

— ئاۋۋال مېھماندىن كەلسۇن ، — دەپ قاپاقنى ئابدۇخالىققا سۇندى .

ئابدۇخالىق قاپاقنى قولىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ئىچىدىكى سۇدىن بىر يۇتۇم ئىچىۋىدى ، سۇ خۇددى ھەسەلدەك تاتلىق تېتىپ كەتتى . ئۇ قاپاقتىكى سۇدىن غۇرتۇلدىتىپ ئۈچ يۇتۇم ئىچىۋەتتى . بالىلار ئۇنىڭ قولىدىكى قاپاققا قارىشىپ تۇكۇرۇكىنى يۇتۇشۇپ ئولتۇراتتى . ئابدۇخالىق قاپاقنى ئابدۇۋايىتقا بەردى . ئابدۇۋايىت قاپاقتىكى سۇنى ئىككى يۇتۇم ئىچىشىگىلا بالىلار «ۋاي ماڭا ، ئەكەلسەڭچۇ !» دەپ ۋارقىراشقىلى تۇردى . قاپاق قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ ، بىر-دەمدىلا قۇرۇقدىلىپ قالدى . بالىلارنىڭ ناشتىلىقى مۇشۇن-داق ئاخىرلاشتى . ئابدۇۋايىت كۆڭلىكىنى يەردىن ئېلىپ سىلكىۋېتىپ ئۇچىسىغا كىيىۋالدى . ئۇ بالىلارغا قاراپ :

— بىر تەرەپكە ئۆتۈڭلار ، ئەمدى چېلىشىشنى باشلاي-مىز ، — دېدى .

بالىلار يۇگۇرۇشۇپ كېلىپ ئابدۇۋايىتنىڭ ئەتراپىغا

كەلگەن نېنىنى ئوتتۇرىغا قويمىسا، باللار ئۇنى پىخسىقـ كەن دېمەمدۇ؟ ئابدۇخالىق «داستىخان» نى چۆرىدەپ ئولتۇرغان دېھقان باللىرىنىڭ ئاياغ كىيمەي يېرىلىپ قاپقارا بولۇپ كەتكەن پۇتلىرىغا، يىرتىق ماتا، بۆز كۆڭلەك، شىملىرىغا قاراپ ئۆزىنىڭ پۇتىدىكى پارقىراق بەتىنكىسىگە، يېپيېڭى ئۇستۇاشلىرىغا سىلىشتۇرۇپ ئۆزىنى خۇددى نۇرغۇن قوينىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغان يالغۇز ئۆچكىدەك سەزدى. ئۇ بىردىنلا بۇ باللارنىڭ ئارىسىدا يېتىملىك، يالغۇزلۇق ھېس قىلدى. ئابدۇۋايىتنىڭ ئاۋازى ئابدۇخالىقنىڭ چىگىش خىيالىنى بۇزۇۋەتتى:

— ھەي ئابدۇخالىق ئاداش، مېھمان چىرايىڭنى چىقارماي ئىچىلىپ ئولتۇرغىنا، — دېدى ئۇ بىردىنلا ئابدۇخالىقنى سەنلەپ گېپىنى داۋام قىلىپ، — مە، ئال، بىزنىڭ مۇنۇ مېۋىلەرنى يەپ باقە.

ئابدۇخالىق ئابدۇۋايىت سۇنغان بىر ئوچۇم مېغىزنى ئالدى. ئارقىدىنلا ئابدۇۋايىت ئۆزىنىڭ سارغىيىپ پىشقان زاغرا نېنىدىن بىر پارچە سۇندۇرۇپ ئۇنىمۇ ئابدۇخالىقنىڭ بىر قولىغا تۇتقۇزدى ـ دە:

— ئاتام: «كەمبەغەلنىڭ نېنى چىشقا دورا» دەيدىغان. بىز يېگەن نانلارنىمۇ تېتىپ باق ئاداش، — دېدى.

ئابدۇخالىق مېغىز بىلەن زاغرا ناننى قوشۇپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ توقچىنى ئابدۇۋايىت كىچىك ـ كىچىك پارچىلاپ ھەممە بالىغا يەتكۈزدى. باللار مايلىق توقاچنى ماختىشىپ بىرنەچچە چايناپلا يەپ بولۇشتى. پەقەت شۇ

ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلىپ ئويناۋاتاتتى . ئابدۇخالىق
ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىغا قىزىقىپ بىر پەس قاراپ تۇردى .
بىردەمدىن كېيىن ئابدۇخالىق بالىلارنىڭ قېشىغا باردى ،
ئابدۇۋايىت ئۇنى بالىلارغا تونۇشتۇردى . قۇمدا ئويناپ يۈر-
گەن بالىلارنى ئابدۇخالىققا تونۇشتۇردى . شۇنداق قىلىپ
ئۇلار ئۆزئارا تونۇشۇپ قالدى . بىراق ، دەسلەپتە دېھقان
بالىلىرى «بايۋەچچە» دەپ ئابدۇخالىقتىن تەپ تارتىشقان
بولسىمۇ ، بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ خۇشخۇي ، ئىل-
لىق چىرايى ، كەمتەر ، كىچىك پېئىل ، چىقىشقاق مىجەزى
بالىلارغا يېقىپ قالدى . دېھقان بالىلىرى ئوڭايلا ئۇنى «ئا-
داش» دەپ ئارىغا ئېلىپ كېتىشتى .
بالىلار ئۇنى - بۇنى پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا ئابدۇۋا-
يىت ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۇچىسىدىكى ماتا كۆڭلىكىنى سال-
دى - دە ، بىرنەچچە قېتىم سىلكىپ قېقىۋەتتى . ئاندىن
كۆڭلىكىنى قۇمغا يايدى . ئۇ بالىلارغا قاراپ :
— ھازىر ناشتا قىلىمىز ، — دېدى .
شۇ گەپ بىلەن بالىلار ئۆيلىرىدىن ئېلىپ كەلگەن
نان ، ئۆرۈك قېقى ، قۇرۇق مېغىزلارنى «داستىخان»غا
ئارقا - ئارقىدىن قويۇشتى . ئابدۇخالىق قولىدىكى مايلىق
توقاچنى ئون پارچە زاغرا ناننىڭ يېنىغا قويۇشقا نېمىشقى-
دۇر خىجالەت بولدى . «ئەستا ، نېمىشقا زاغرا ئېلىپ كەل-
مىگەندىمەن ؟» . ئۇ مايلىق توقىچىنى ئوتتۇرىغا قويسا يېگى
تونۇشقان دوستلىرى گويا ئۇنى زاڭلىق قىلىدىغاندەك تۇيۇل-
دى . بىراق ، يەنە بىر ئىش ئۇنى قىينايتتى . ھەممە بالا
نانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تەڭ يەيمىز داۋاتقاندا ، ئۇ ئېلىپ

بارايلى ! — دېدى ئابدۇۋايىت باللارغا . باللار «يۈرۈڭلار !» دېيىشىپ ، كۆنچىقىش تەرەپتىكى دۆڭگە قاراپ يۈگۈرۈشتى .

ئابدۇخالىق باللارنىڭ كەينىدىن دۆڭنىڭ ئۈستىدە تۇ. رۇپ ئەتراپقا قارىدى . مەھەللە ، ئۇنىڭ نېرىسىدا تۇرپان مۇنارى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئابدۇخالىق كەينىگە ئۆرۈ. لۈپ ئوت ـ چۆپلەر ئۆسكەن بىنەملىكنى ، ئۇنىڭ نېرىسىدا ئادەم بويى كەلگۈدەك قومۇش ، يۇلغۇنلارنىڭ قويۇق ئۆس. كەنلىكىنى كۆردى .

— قومۇشلۇقتا قاراۋاتامسىز ؟ ئۇ يەردە توشقان ، جەر. رەن ، تۈلكە ، بۆرە بار ، — دېدى ئابدۇۋايىت ئابدۇخالىقنىڭ قېشىغا كېلىپ .

— بۆرە بارمۇ ؟ بۆرە بۇ يەرگە كەلسە بىز قانداق قىلىمىز ؟ — دېدى ئابدۇخالىق سەل قورقۇپ .

— كۈندۈزى بۇ يەرگە قورقۇپ كېلەلمەيدۇ . بىز دې. گەن جىق تۇرساق ، كېلىپ قالغۇدەك بولسا ، ئۇنداق نېمە. لەردىن قورقامدۇ ؟ — دېدى ئابدۇۋايىت يۈرەكلىك ھالدا ئىشەنچ بىلەن مۇشتىنى تۈگۈپ .

ئابدۇخالىق قوي كۆزلىرىدىن بىر تۈرلۈك شوخلۇق ، باتۇرلۇق چىقىپ تۇرغان ئابدۇۋايىتقا قاراپ «مۇشۇنداق ئاغىنە بار يەردە قورقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟» دەپ ئويلى. دى .

دۆڭنىڭ كۈنچىقىش تەرىپى بىر ـ ئىككى چاقىرىمغا سوزۇلغان قومۇلۇق بولۇپ ، ئۇنىڭ نېرىسىدا دەل ـ دەرەخ. لەر بىلەن ئورالغان بىر مەھەللە كۆرۈنۈپ تۇراتتى . باللار قومۇلۇقتا يۈگۈرۈشۈپ ، پومداقلىشىپ ، موللاق ئېتىشىپ

بالا بىر كالىنى ئېلىپ چىقىپ توپقا قوشۇلدى :

— ئوسمان ، — دېدى ئەنەيتۇل ئابدۇخالىقتا تونۇشتۇ-رۇپ .

مەھەللىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا بالىلار كۆپىيىپ ، يە-گىرمىگە يەتتى . ئۇلار 150 تىن ئوشۇق قوي - ئۆچكىلىرد-نى ھەيدەپ ، ئون نەچچە ئىشەككە مىنىپ چوڭ بىر توپنى ھاسىل قىلغانىدى . ئاسمان - پەلەك توپا توزىتىپ مەرد-شىپ كېتىۋاتقان قوي- ئۆچكىلەر ، ئۇلارنىڭ كەينىدىكى ئېشەكلەرگە مىنىۋالغان بالىلار ، ھەممىنىڭ كەينىدە سې-رىق كالىسىغا مىنىپ كېلىۋاتقان ئوسمان ، بالىلارنىڭ بە-زىلىرىگە ئەگىشىۋالغان ئىتلار قوشۇلۇپ قىزىقارلىق بىر مەنزىرىنى پەيدا قىلغانىدى . بۇ ئابدۇخالىقتا قىزىق تۇيۇلدى .

بالىلار ئۇزاق ماڭمايلا مەھەللىدىن ئىتىز يولىغا يېتىپ باردى . بالىلارنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئابدۇۋايىت ھەممد-سىنى توختىتىپ :

— ھەي بالىلار ، ئوبدانراق قاراڭلار ، ماللار خەقنىڭ زىرائىتىگە كىرىپ كەتمىسۇن ، ماللارنى ھەيدەپ ئوتلاققا ئاپىرىڭلار ، — دېدى .

بالىلار ئولاش - چولاش قوي - ئۆچكىلىرىنى ھەيدد-شىپ ، بىنەمنىڭ ئىچكىرىسىگە مېڭىپ ، بىر دۆڭنىڭ يې-نىغا كېلىپ توختىدى .

— مانا ئوتلاققا كەلدۇق ! — ۋارقىراشتى بالىلار ، — كەلدۇق ، چۇش ! — دېدى ئەنەيتۇل كەينىگە قاراپ . ئابدۇ-خالىق ئېشەكتىن چۈشتى .

— ماللار ئەمدى ئوتلاۋېرىدۇ . يۇرۇڭلار ، بىز قومغا

بىز قىزىق ئويۇنلارنى ئويناپمىز ، — دېدى ئەنەيتۇل .
ئابدۇخالىق ئويلىنىپ :
— بىرىشىڭغۇ بارغۇم بار ، مەن تېخى ئەتىگەنلىك چېيىمنى ئىچمىسەم ، — دېدى ئىككىلىنىپ .
— ۋاي ئاداش ، بىزمۇ چاي ئىچمىدۇق . ماللارنى بې-قىپ كېلىپ چاي ئىچىمىز ، — دېيىشتى باللار .
— بولىدۇ ئەمىسە ، بارسام باراي ، — دېدى ئابدۇخا-لىق .
— نان ئېلىۋالغىن ، — دېدى ئەنەيتۇل .
ئابدۇخالىق ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ ، سېۋەتتىن چوڭ بىر مايلىق توقاچنى ئېلىپ يۈگۈرگەن پېتى ھويلىدىن چى-قىپ كەتتى . ئابدۇخالىق دەرۋازا ئالدىغا چىقىۋىدى ، ئەنەي-تۇلمۇ ھويلىسىدىن ئۆچ قوينى ھەيدەپ بىر ئېشەكنى يېتە-لەپ چىقتى . ئۇ ئېشەكنى ئىشىك ئالدىدىكى كىچىككىنە پاخسا تامغا تارتىپ مىنىۋالدى - دە ، ئابدۇخالىققا :
— كەل ، ئارقامغا مىنگەشكىن ، — دېدى .
ئابدۇخالىق پاخسا تامغا چىقىپ ئەنەيتۇلنىڭ كەينىگە مىنگىشىۋالدى . ئىككى بالا ئۇستىگە مىنىۋالغان ئېشەك پۇشقۇرۇپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى .
ئۇلار مەھەللىنىڭ تۆۋەن تەرىپى — جەنۇبىغا قاراپ يۈز قەدەمچە ماڭغا - ماڭمايلا مەھەللە كوچىسىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا جايلاشقان دېھقان ئۆيلىرىدىن ئەنەيتۇل بىلەن تەڭ دېمەتلىك ۋە ئۇنىڭدىن چوڭراق كەلگەن باللار ئۇچتىن ، تۆتتىن قوي ، ئۆچكىلىرىنى ھەيدەپ چىقىپ توپقا قوشۇ-لۇشقا باشلىدى . بىر ئۆيدىن 13 ياشلاردىكى قارىمۇتۇق بىر

كۆتۈرۈلۈپ چىققان قۇياشنىڭ نۇرلىرى دەرۋازا ئالدىدىكى
تېرەكلەر، ئۇجمە دەرىخىنىڭ شاخلىرىنىڭ ئاراچلىرىدىن
خۇددى ئالتۇن يىپلاردەك ئۆگزىگە چۈشۈپ، كۆزنى قاماش-
تۇراتتى.

— ئابدۇخالىق، هوي ئابدۇخالىق!

دەرۋازا ئالدىدىن ئەنەيتۇلنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلان-
دى. ئابدۇخالىق ئالمان - تالمان كىيىملىرىنى كىيدى -
دە، ئورنىدىن ئىتتىك تۇردى. ئۇ:

— ئەنەيتۇل، مېنى ئازراق ساقلاپ تۇر، هازىرلا چى-
قىمەن! — دېدى ئۇنلۇك ۋارقىراپ. ئۇ ئالدىراپ يۈزىنى
يۇيۇپ، يۇگۇرگەن پېتى دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. ئۇنى ئەنەي-
تۇل بىلەن ئۈچ بالا كۈتۈپ تۇراتتى. ئەنەيتۇل ئېگىز،
ئورۇقراق كەلگەن، بۇغداي ئۆڭلۈك بالىنى «ئابدۇۋايىت»
دەپ تونۇشتۇردى. سېمىز، كۆزى چوڭ، 12 ياشلاردىكى
بالىنى بولسا «ئابلىمىت» دېدى. ئۇلارنىڭ قېشىدا تۇرغان
پاكار، سېرىق بالىنى «ئېلى» دېدى. ئەنەيتۇل ئابدۇخالىق-
نى ئاغىنىلىرىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مەن دېگەن ئابدۇخالىق مانا مۇشۇ، ئاجايىپ موللا
بالىكەن جۇمۇ بۇ، — دېدى.

ئابدۇخالىق ئەنەيتۇلغا قاراپ:

— مېنى مۇشۇنىڭغا چاقىردىڭمۇ؟ — دېدى ئۆزىنى
ماختىغىنىغا سەل تېرىكىپ.

ئەنەيتۇل هۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. ئابدۇۋايىت ۋە
ئۇنىڭ ئىككى دوستى پىخىلداپ كۈلۈشتى.

— ياق، بىز قوي باققىلى بارىمىز، سەنمۇ بارامسەن؟

ئابدۇخالىق :
— بولىدۇ ، باراي ، — دەپ بوغچىسىنى هويلىنىڭ تېمىدىكى قوزۇققا ئېسىپ قويدى . ئۇ ئۆيگە كىرىپ دادىسىدىن رۇخسەت سوراپ چىققاندىن كېيىن ، ئەنەيتۇل بىلەن بىللە يۇگۇرۇشۇپ چىقىپ كەتتى .
بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە ئابدۇخالىق سېرىقگۇلدەك سارغىيىپ ، تورلىشىپ پىشقان ، ئاجايىپ خۇشبۇي ، مۇشتۇمدىن چوڭ بىر چىلگىنى كۆتۈرۈپ ئەنەيتۇل بىلەن هويلىدا پەيدا بولدى .
شۇ ئارىدا ، بىر ئايالنىڭ «ئەنەيتۇل ، ئەنەيتۇل !» دەپ سوزۇپ چاقىرغان ئىنچىكە ئۇنى ئاڭلاندى . ئارقىدىنلا بىر بوۋاق يىغلاشقا باشلىدى .
— ئاپام قىچقىرىۋاتىدۇ . يۈر ، بىزنىڭ ئۆيگە كىرىلى ، — دېدى ئەنەيتۇل ئابدۇخالىقنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ .
ئابدۇخالىق «كىرەيمۇ ـ كىرمەيمۇ» دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغىنىدا ، هەسەن ئابدۇخالىقنى چاقىرىپ قالدى .
— هە ، مانا مەن ، هازىر كىرىمەن ! — دېدى ئابدۇخالىق ۋە ئەنەيتۇلغا قاراپ ئېيتتى ، — ئەتە ئەتىگەن مېنى چاقىرغىلى كىر جۇمۇ ، بىللە ئوينايمىز !

## يېڭى دوستلار

ئەتىسى ئەتىگەندە ئابدۇخالىق قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى . ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئېچىپ ، شەرق تەرەپكە قارىدى . ئىدىقۇت تېغى ئۇستىدىن

— مەن يازغان .

ئەنەيتوْل ئىشەنمىدى . ئوْ :

— ۋاي ئاداش ، سەن ئەمدىلا توققوْزغا كىرگەن توْرۇْپ خەت يازالامسەن ؟ ئاجايىپ ئىكەنسەن جوْمۇْ . بوْلتوْر ئابدوْ-ۋايىتنىڭ ئاتىسى پوْتوْن چاتقالدىن خەت يازالايدىغان ئادەم تاپالماي ياربېشى كەلپىڭلەر مەھەللىسىدىكى موللا روزىمەت ئاكىغا بىر كوْرە بوْغداي بېرىپ بىر پارچە خەت يازدۇْرۇْپ چىققانىكەن ، — دېدى ئابدوْخالىققا قاراپ .

ئابدوْخالىق دەپتەرنىڭ ئاق يېرىنى ئېچىپ ، قەلەمنى قولىغا ئالدى - دە ، چىرايلىق قىلىپ ئىككى قوْر خەت يازدى . ئوْ ئەنەيتوْلغا قاراپ :

— مانا كوْردوْڭمۇْ ، قانداق ؟ — دېدى كوْلوْمسىرىگەن هالدا .

— نېمىدەپ يازدىڭ ؟ ئوقوْپ باقە ، — دېدى ئەنەيتوْل قىزىقىپ .

ئابدوْخالىق يازغىنىنى ئوقوْپ بەردى :

«چاتقالدا ئوقوْش ، يېزىشنى بىلىدىغان ئادەم يوق ، بىر پارچە خەتنى بازارغا ئاپىرىپ يازدوْرۇْپ چىقىپتوْ» .

ئەنەيتوْل قىزىقىپ دېدى :

— بوْ ، مەن ساڭا هازىرلا دەپ بەرگەن گەپقوْ ؟

ئوْلار ئىككىسى شوْ يوسوْندا قىزغىن پاراڭلىشىپ ئول-توْرۇْشتى . بىر پەستىن كېيىن ئەنەيتوْل ئورنىدىن توْردى . ئوْ ئابدوْخالىققا :

— مەن هازىر قوغوْنلوْققا بارىمەن . سەنمۇْ بىللە باراما-سەن ؟ — دېدى .

ئىچىدە تۇرغان دەپتەرنى كۆرۈپ سورىدى :
— ئۇ نېمە ؟
ئابدۇخالىق ھەيران قېلىپ :
— دەپتەرغۇ ، — دېۋىدى ، ئەنەيتوْل يەنە :
— دەپتەرنىڭ ئىچىدىن بىر تال ياغاچ چىقىپ تۇرىدى- غۇ ؟ — دېدى .
ئابدۇخالىق كۈلۈۋەتتى . بوغچىسىدىن دەپتەر بىلەن قەلەمنى چىقاردى . ئەنەيتوْل دەپتەرنى قولىغا ئېلىپ ئې- چىپ ، ئىچىدىكى خەتلەرنى كۆرۈپ :
— بۇمۇ ئوقۇيدىغان كىتابىڭمۇ ؟ — دېدى كۆزىنى پارقىرىتىپ .
— بۇنى سەن كۆرۈپ باقمىغانمۇ ؟ — سورىدى ئابدۇ- خالىققا قىزىق تۇيۇلۇپ .
— ياق ، — دەپ بېشىنى چايقىدى ئەنەيتوْل ، — بۇ چوكا ياغاچنى نېمە قىلىسەن ؟ — ئەنەيتوْل شۇنداق دېگىنىد- چە قەلەمنى قولىغا ئالدى .
— ھەي ئاداش ، بۇ دېگەن ياغاچ چوكا ئەمەس ، مۇشۇ دەپتەرگە خەت يازىدىغان قەلەم . سەن بۇنىمۇ كۆرمىگەنمى- دىڭ ؟ — دېدى ئابدۇخالىق ئەنەيتوْلغا قىزىقىپ قاراپ .
— ياق ، بىزنىڭ بۇ يەردە ھېچكىمنىڭ بۇنداق نەرسى- لىرى بولمىسا .
ئەنەيتوْل شۇنداق دەپ قەلەمنى قولىغا ئېلىپ ، ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا قاراپ چىقىپ ئابدۇخالىققا بەردى . ئۇ دەپتەردىكى خەتلەرگە قاراپ سورىدى :
— بۇ خەتلەرنى كىم يازغان ؟

— بولىدۇ ، ئوقۇ ، ئاڭلاپ باقاي ، — دېدى ئەنەيتۇل خۇشال بولۇپ .

ئابدۇخالىق «گۇلىستان» نى ئېچىپ ، بىر كۇپلېت شېئىر ئوقۇدى :

نە پايدا گۇلدىن ئالساڭ بىر تاۋاق ،
گۇلىستانىمدىن ساقلا بىر ۋاراق .
گۇلنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولمايدۇ ،
بۇ «گۇلىستان» مەڭگۇ سولمايدۇ .

ئەنەيتۇل ئۆزى بىلەن تەڭتۇش ئابدۇخالىقنىڭ بۇ مەھەللىدىكى ھەممىدىن موللا ئادەم قۇربان قارىيمۇ ئوقۇيالمايدىغان چوڭ كىتابنى شۇنچە راۋان ، قىلچە دۇدۇقلىماي ئوقۇغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى . ئۇ شېئىردىن گەرچە بىر ئېغىزچە گەپنىمۇ چۈشەنمىگەن بولسىمۇ ، ئابدۇخالىقتا چىن كۆڭلىدىن قايىل بولدى . ئۇنىڭ سەبىي كۆڭلىدە يېڭى - يېڭى ھېسلار ئويغىنىپ : «ھەي ئىست ، مەنمۇ ئوقۇغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى - ھە ؟ ئابدۇخالىقتەك چوڭ كىتابلارنى شارىلداپ ئوقۇپ كەتكەن بولسام» دېگەنلەرنى ئويلاپ ، تامىقىنى ئىختىيارسىز چىكىلدىتىپ قويدى . ئۇنىڭ خىيال يىپلىرىنى ئابدۇخالىقنىڭ ئاۋازى ئۈزۈۋەتتى :

— ئەنەيتۇل ، ھازىر كىتابتىن ئوقۇغىنىمنىڭ مەنىسىنى بىلدىڭمۇ ؟ — دېدى ئابدۇخالىق .

ئەنەيتۇل ئۆزىنى خىيال ئىلكىدىن تارتىۋېلىپ «ياق» دەپ بېشىنى چايقىدى .

ئەنەيتۇل ئابدۇخالىقنىڭ ئاغزى ئوچۇق بوغچىسىنىڭ

ئەنەيتۇل ئابدۇخالىقنىڭ قولىدىكى بېغىررەڭ قىرىم بىلەن چىرايلىق مۇقاۋىلانغان كىتابتىن كۆزىنى ئۈزمەيدىتى. ئابدۇخالىق ئەنەيتۇلنىڭ كىتابقا قىزىقىۋاتقىنىنى سېزىپ قالدى. ئۇ كىتابنىڭ ئۈچىنچى بابىنى ئېچىپ:

— مەن ئوقۇپ تۈگەتكەن دەرسلىرىمنى ئۇنتۇپ قالماي دەپ، بۇ كىتابنى يېنىمدىن ئايرىماي ھەر كۈنى ئوقۇپ تەكرار قىلىپ تۇرىمەن، — دېدى.

ئەنەيتۇل ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن قۇربان قارىينىڭ مەكتىپىدە ئوقۇغان چېغىنى ئەسلىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ بەزەن ساۋاقداشلىرى موللىسى بەرگەن ساۋاقنى تەكرار قىلىڭلار دېسىمۇ كۆپىنچە ئويناپ، ياخشى تەكرار قىلىمايتتى. بىر قېتىم ئەنەيتۇلغا موللىسى «تەببەت» سۈرىسىنى ئوقۇتۇۋىدى، ئۇ بېشىنى ئوقۇپ، ئايىغىنى ئېسىگە ئالالمىدى. موللىسى قۇربان قارى دەرغەزەپكە كېلىپ: «سەن بۇ ساۋاقنى ئالغىلى ئۈچ كۈن بولدى، ئۈچ كۈنگىچە نېمىشقا يادقا ئوقۇيالمايسەن؟ ھەربىر كۈنىڭگە ئۈچ چىۋىقتىن» دەپ ئۈجمە چىۋىقى بىلەن توققۇز قېتىم ئۇرۇۋىدى، ئۇ ئاغرىققا چىدىماي، قاتتىق يىغلاپ، ئىشتىنىغا سىيىۋەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەنەيتۇل ساۋىقىنى تەكرارلايدىغان بولغانىدى. مانا ئۆزى بىلەن تەڭتۇش ئابدۇخالىقنى ھېچكىم «دەرسىڭنى تەكرارلا» دېمىسىمۇ ئۆزى بىلىپلا تەكرارلايدىكەن. ئەنەيتۇل مۇشۇنى ئويلاپ، ئۆزىنى ئابدۇخالىققا سېلىشتۇرۇپ خىجالەت بولۇپ قالدى. ئابدۇخالىق نېمىدېگەن ئىجتىھاتلىق بالا ـ ھە؟!

— ئەنەيتۇل، — دېدى ئابدۇخالىق، — مەن بۇ كىتابتىن ئوقۇغان بىر دەرسنى ساڭا ئوقۇپ بېرەيمۇ؟

مەن . بىر كىچىك ئۆكام بار ، ئۇنىڭغا قارايمەن .
— سىنىڭ ئىشىڭ جىقكەن ، — دېدى ئابدۇخالىق ئەنەيتۇلغا ئىچى ئاغرىپ .
— سەنچۇ ، ئوقۇمسەن ؟ — سورىدى ئەنەيتۇل ئابدۇخالىقتىن .
— ئوقۇيمەن .
— نەدە ؟
— يېڭى شەھەردىكى ھەمدۇللا داموللامنىڭ مەدرىسىدە ، — دېدى ئابدۇخالىق مەغرۇرلۇق بىلەن .
ئەنەيتۇل «راستمۇ ؟» دېگىنىچە ئابدۇخالىقنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى . بىر پەستىن كېيىن ئۇ :
— نېمىنى ئوقۇۋاتىسەن ؟ — دەپ سورىۋېدى ، ئابدۇخالىق :
— تۇرۇپ تۇر ھە ، — دەپ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى . ئۇ ھايال بولمايلا ئۆيدىن بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى . ئەنەيتۇل ئۇنىڭ چىرايلىق تىكىلگەن بوغچىسىغا ھەۋەس قىلىپ زەن سېلىپ تۇرغىنىدا ، ئابدۇخالىق بوغچىسىدىن «گۇلىستان» دېگەن كىتابنى چىقاردى .
— بۇ ھەپتىيەكمۇ ؟ — سورىدى ئەنەيتۇل قىزىقىپ ، ئابدۇخالىق بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ دېدى :
— پارسچە «گۇلىستان» دېگەن كىتاب .
ئەنەيتۇل ھەيران قېلىپ سورىدى :
— سەن تېخى كىتاب ئوقۇۋاتامسەن ؟
— ھەئە . يەنە نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ چىقتىم . يۇرە سۇپىدا ئولتۇرىمىز .
ئىككى بالا سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى .

كۆزلىرىگە قاراپ ھەيران بولغان ھالدا:

— نېمىشقا ئوقۇمايسەن؟ — دەپ سورىدى.

— مەھەللىمىزدىكى قۇربان قارىيدا ئىككى يىل ئوقۇغان، بۇلتۇر ئاتام «ئەمدى ئوقۇما، توختاپ قال، بىرنەچچە ئۇششاق سۈرىلەرنى بىلىۋالدىڭ، شۇمۇ كۇپايە، بىزدىن كېيىن قالساڭ قەبرە بېشىغا چىقىپ دۇئا قىلىشقا يارايسەن. ئەمدى ئۆيدىكى ئىشلارغا قارىشىپ بەرگىن» دەپ ئوقۇشتىن توختىتىۋالدى.

— ئۆيۈڭدە نېمە ئىش قىلىسەن؟



— ئۈچ قوي بىلەن ئىككى ئېشەك بار. شۇنى باقى-

قالغان كونا مىس چۆگۈننىڭ قورسىقىغا ئوخشاپ قالغاندى . ئىككى بىقىنىدىكى ئىنچىكە قوۋۇرغىلىرى سانىۋالغۇدەكلا تال - تال بولۇپ ، تېرىسىنىڭ ئاستىدىن بىلىنىپ تۇراتتى . ھەسەن ئەنەيتۇلنى چاقىرىپ ھويلىغا ئەكىرىپ قويۇپلا ئۆيگە كىرىپ كەتكەنىدى . ئەنەيتۇل ئالدىدىكى ئاق پىشماق ، دۇمىلاق يۈزى يېڭى قىزارغان ئالمىدەك پارقىراپ تۇرغان ، پاكىز ، رەتلىك كىيىنگەن ئابدۇخالىققا قارىدى . ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ قىرىپ چۈشۈرۈلگەن بېشىغا كىيىۋالغان يېڭى گۈللۈك دوپپىسىنى ، ئۈچىسىدىكى ئىككى ياقىسى ۋە مەيدىسىدىكى تۈگمىلەيدىغان يېرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە كانۋا گۈل ئىشلەپ تىكىلگەن ئاق پاخپۇ كۆڭلىكى ، پاختەك تۈكى رەڭدىكى زاۋۇت رەختىدىن تىكىلگەن ئىشتىنى ، پۇتىدىكى پارقىراپ تۇرغان قارا خۇرۇم بەتىنكىسىگە سەپسېلىپ ئۆزىنىڭ تىزىغا ياماق چۈشكەن ، پۇرچىلىپ يىرتىلىشقا باشلىغان ، پۇچقىقى پاچاقلىرىنى ئارانلا يېپىپ تۇرغان كىر ماتا ئىشتىنىنى يۇقىرىغا تارتىپ قويۇپ ، توپا - چاڭ باسقان قاپقارا يالاڭ ئاياغ پۇتىنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ ، تەمتىرەپ - تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى .

ئابدۇخالىق ئەنەيتۇلدىن :

— نەچچە ياشقا كىردىڭ ؟ — دەپ سورىدى .

— توققۇزغا ، — دېدى ئەنەيتۇل ، ئاندىن :

— سەنچۇ ؟ — دېدى ئابدۇخالىققا قاراپ .

— مەنمۇ توققۇزغا كىردىم . ئوقۇۋاتامسەن ؟

ئەنەيتۇل «چىك » قىلىپ تامىقىنى چىكىلدىتىپ بېشىنى چايقىدى . ئابدۇخالىق ئەنەيتۇلنىڭ چاقناپ تۇرغان قوي

## 19* . كەلگۈسىنىڭ شائىرى[1]

### ئاجايىپ بالا

(1) ئەتىلىنىڭ ئىككىنچى كۈنى، ئابدۇخالىق دادىسى مىجىت ھاجى، ئاپىسى ئەرەمسىما خېنىم بىلەن تۇرپان باغرىغا باردى. باغرىدا بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، چاتقالدىكى كارىزغا مېڭىپ كەتتى. بۇ يەردىكى قورۇ - جايىدا مىجىت ھاجىنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ھەسەن ئولتۇراتتى. ھەسەن تاغىسى مىجىت ھاجىنىڭ ئابدۇخالىقنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن پايپېتەك بولۇپ كەتتى. ھەسەن ئابدۇخالىقنى زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ تام قوشنا دېھقان گاجىتنىڭ ئوغلى ئەنەيتۇلنى چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويدى.

ئەنەيتۇل ئابدۇخالىق بىلەن تەڭ دېمەتلىك بولۇپ، بويى ئۇنىڭدىن سەل ئېگىزرەك، ئورۇق كەلگەن بۇغداي ئۆڭلۈك، چاققان بالا ئىدى. ئۇنىڭ ئالدى ئوچۇق كونا بۆز كۆڭلىكى ئورۇق بەدىنىگە بىر ئاز چوڭ كېلىپ قالغاچقا، ماڭغاندا ئىككى پېشى ئىككى يانغا ئۇچۇپ لەپەڭشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيگەن قورسىقى مايلىشىپ قارىداپ

---

[1] مۇھەممەت شانىياز يازغان داڭلىق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (1901 — 1933) نىڭ ھاياتى ھەققىدىكى شۇ ناملىق قىسسەدىن ئازراق ئۆزگەرتىپ ۋە قىسقارتىپ ئېلىندى.

مىزمۇ ئوبدان بولۇپ، مېنىڭ تازا بايۋەچچىلەردەك ئۇسسۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى.

2) مەن يەر يۈزىدە مۇنداق قىزىقارلىق نەرسىلەرنىڭ — دېڭىز بويلىرىدا ھەر خىل قۇلۇلە قاپلىرىنىڭ بولۇشى ۋە تاۋۇزلۇقلاردا بۇنداق خەتەرلىك ۋەقەلەرنىڭ بولۇپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچقاچان ئاڭلىمىغانىدىم، تاۋۇزلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى باققال دۇكانلىرىدىلا كۆرگەنىدىم.

3) دوستلىرىم ماڭا ئوخشاشلا بەزى ئىشلاردىن خەۋەرسىز ھالدا ھويلىدىكى تۆت تامنىڭ ئىچىدە ياشاپ، پەقەت ئاسماننىڭ بىر بۇرجىكىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرمەيتتى.

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ھەربىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

مەنزىرە تەقەززالىق بىلەن كۈتۈش ھەدىيە
خۇشال بولۇش بىر دېمەتلىك

4. تېكىستنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ھەربىر بۆلەكنىڭ مەنىسىنى ۋە پۈتۈن تېكىستنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

كۆرمەيتتى .

بەختكە قارشى بىرىنچى ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى . ئەمدى رۇك تۇ ئۆيگە قايتىشى كېرەك ئىدى . مەن كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ قاتتىق يىغلىدىم . رۇك تۇمۇ ئاشخانىغا يوشۇرۇنۇۋې-لىپ يىغلىدى . ئۇنىڭمۇ بىزنىڭكىدىن كەتكۈسى كەلمەيت-تى . ئامال قانچە ، ئاخىرى دادىسى ئۇنى ئېلىپ كەتتى . كېيىن ، ئۇ يەنە دادىسى ئارقىلىق ماڭا تۈرلۈك رەڭدىكى قۇلۇلە قاپلىرىنى ۋە قۇشلارنىڭ چىرايلىق قاناتلىرىنى ئە-ۋەتتى . مەنمۇ ئۇنىڭغا بىر - ئىككى قېتىم ھەدىيە ئەۋەت-تىم . لېكىن ، شۇنىڭدىن باشلاپ بىز كۆرۈشەلمىدۇق ...

## كۆنۈكمە

1 . تېكىستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇڭلار ۋە تۆۋەندىكى سو-ئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار :

1 ) «مەن» نىڭ كۆز ئالدىدا دائىم گەۋدىلىنىدىغان رۇك تۇ قانداق ئىدى ؟

2 ) رۇك تۇ بىلەن «مەن» نىڭ مۇناسىۋىتى قانداق ؟ رۇك تۇ كېلىپ «مەن»گە قانداق ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى ؟

3 ) رۇك تۇنىڭ قانداق روشەن ئالاھىدىلىكلىرى بار ؟ تېكىستنىڭ قايسى جايلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ ؟

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار .

1 ) ئۇ ۋاقىتلاردا مېنىڭ دادام ھايات ، ئائىلە ئەھۋالى-

پەقەت ئۇ چاغدا مەن نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ قىياپىتىنى كۆچۈككە ئوخشىتاتتىم ۋە ناھايىتى ۋەھشىي قىياپەتتە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم.

— ئۇ چىشلىمەمدۇ؟

— ماراپ تۇرىسەندە، پولات ئارا بىلەن راسا كەلتۈرۈپ سانجىيسەن! لېكىن، ئۇ ناھايىتى قۇۋ، ئېھتىيات قىلمىساڭ توپتوغرا ئۆزۈڭگە ئېتىلىدۇ - دە، ئىككى پۇتۇڭنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ تۈكى خۇددى ياغلاپ قويغاندەك سىلىق بولىدۇ...

مەن يەر يۈزىدە مۇنداق قىزىق نەرسىلەرنىڭ — دېڭىز بويلىرىدا ھەر خىل قۇلۇلە قاپلىرىنىڭ بولۇشى ۋە تاۋۇزلۇقلاردا بۇنداق خەتەرلىك ۋەقەلەرنىڭ بولۇپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچقاچان ئاڭلىمىغانىدىم. تاۋۇزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەقەت باققال دۇكانلىرىدىنلا كۆرگەنىدىم.

— بىزنىڭ قۇملۇق يەرلەردە، كەلكۈن كەلگەن چاغلاردا قىرغاقتىكى قۇملارنىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن ئۇچىدىغان بېلىقلار سەكرىشىپ يۈرۈشىدۇ. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى پاقىنىڭ پۇتلىرىغا ئوخشايدۇ...

پاھ، پاھ! رۇڭ تۇ مەن ۋە مېنىڭ باشقا دوستلىرىم بىلمەيدىغان ئاجايىپ - غارايىپ ھەيران قالغۇدەك نەرسىلەرنى بىلىدىكەن - ھە! رۇڭ تۇ دېڭىز ياقىسىدا ھايات كەچۈرۈۋاتقاندا، دوستلىرىم بەزى ئىشلاردىن خەۋەرسىز ھالدا ماڭا ئوخشاشلا ھويلىدىكى تۆت تامنىڭ ئىچىدە ياشاپ، پەقەت ئاسماننىڭ بىر ئاز بۇلۇڭىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى

مەن . ئۆزۈم بولسام يىراقتىن پايلاپ تۇرىمەن . قۇشلار كېلىپ دانلاشقا باشلىغاندا تىرەككە باغلانغان يىپنى سىلكىپ تارتىمەن . سېۋەت دۈم بولۇپ ئۇلارنى بېسىۋالىدۇ . ئۇنىڭغا ھەر خىل قۇشلار — بۆدۈنە ، تورغاي ، كەپتەر ۋە پاختەكلەر ... چۈشۈپ قالىدۇ .

مەن مۇشۇ چاغدا قىلىن قارنىڭ چۈشۈشىنى تىلىدىم . رۇڭ تۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ :

— ھازىر ناھايىتى سوغۇق ، سەن يازدا بىزنىڭكىگە بارغىن ، بىز كۈندۈزى دېڭىز ياقىسىدىن دېڭىز قۇلۇلىلىرى-نىڭ قىزىل ، يېشىل ۋە ھەر خىل رەڭدىكى قاپلىرىنى تېرىۋالىمىز . ئۇلارنىڭ ئىچىدە «شەيتان قورقار» ، «شەپ-قەتچى مەبۇدەنىڭ قولى» ناملىق قۇلۇلىلەرمۇ ئۇچرايدۇ ، كېچىلىرى دادام بىلەن تاۋۇزلۇقنى كۆزەتكىلى بارىمىز ، شۇ چاغدا سەنمۇ بارىسەن .

— ئوغرىلاردىن كۆزىتەمسىلەر ؟

— ياق ، ئۇسساپ كەتكەن يولۇچىلار كېلىپ بىرەر تاۋۇزنى ئۈزۈپ يېسە ئۇنى بىز ئوغرى ھېسابلىمايمىز . تاۋۇزلارنى پەقەت ھايۋانلاردىن — بورسۇق ، كىرپە ۋە سې-سىقكۆزەنلەردىن ساقلاش كېرەك . ئايدىڭدا «چا - چا» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ . مانا مۇشۇ سېسىقكۆزەن . ئۇ تاۋۇزلارنى يەيدۇ . دەل شۇ چاغدا پولات ئارىنى ئالسەن -دە ، ئاستا ماراپ تۇرىسەن ...

ئۇ چاغدا مەن سېسىقكۆزەن دېگەن قانداق جانىۋار ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم (ئۇنى دېسە ھازىرمۇ بىلمەيمەن) ،

ىكى ، شۇ كۈنى رۇڭ تۇ كېلەتتى . مانا يىلنىڭ ئاخىرىمۇ يېتىپ كەلدى . بىر كۈنى ئانام ماڭا رۇڭ تۇنىڭ كەلگەنلى- كىنى ئېيتتى . مەن ئۇچقاندەك ئاشخانىغا يۈگۈردۈم . رۇڭ تۇ ئاشخانىدا ئولتۇرغانىكەن . ئۇ بوغداي ئۆڭلۈك ، يۈزى دۈپدۈگىلەك بالا بولۇپ ، بېشىغا كىگىز مالىخاي كىيگەن ، بوينىغا پارقىراق كۈمۈش چەمبىرەك ئېسىۋالغانىدى . بۇ- نىڭغا قارىغاندا ئاتىسى ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرگەنلىكى- دىن ، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن خۇدايى نەزىر قىلىپ ، مۇشۇ چەمبىرەكنى ئېسىپ قويغان بولسا كېرەك . رۇڭ تۇ مەندىن باشقا ھەممىسىدىن تارتىناتتى . بىز ئىككى- مىز يالغۇز قالغاندىن كېيىن سۆھبەتلىشىپ كەتتۇق ۋە يېرىم كۈن ئۆتمەيلا دوستلىشىپمۇ قالدۇق .

ئۇ چاغدا بىزنىڭ نېمە توغرۇلۇق پاراڭلاشقانلىقىمىز ئېسىمدە يوق . پەقەت رۇڭ تۇنىڭ ئۆزىنىڭ شەھەرگە بار- غانلىقىنى ۋە ئۇ يەردە ئىلگىرى ھېچ كۆرۈپ باقمىغان نەر- سىلەرنى كۆرگەنلىكىنى خۇشخۇيلۇق بىلەن ھېكايە قىلىپ بەرگىنى يادىمدا .

ئەتىسى مەن ئۇنى قۇش تۇتۇشقا بىرىشقا تەكلىپ قىل- دىم .

— ھازىر مۇمكىن ئەمەس ، — دەپ ئېيتتى ئۇ ، — ئۇنى پەقەت قېلىن قار چۈشكەندىلا تۇتقىلى بولىدۇ . بىزنىڭ قۇملۇق يەرلەرگە قار ياغقاندا ، بىر پارچە يەرنى سۈپۈرۈپ قۇمۇش سېۋەت قويىمەن ، ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۇزۇن يىپ باغلاپ ، تىرەك قويۇپ ، ئاستىغا سامان چېچىپ قويى-

خىل ئېسىل تاماقلارنى ئەڭ ياخشى قاچىلارغا سېلىپ ، ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ سۈرىتى ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ نەزىر قىلىشات ـ تى ، ئىبادەت قىلغۇچىلار شۇنچىلىك كۆپ يىغىلاتتىكى ، ھەتتا ئۇلارنىڭ قاچا ـ قومۇچىلارنى ئوغرىلاپ كېتىشىدىن ساقلىنىشقا توغرا كېلەتتى . بىزدە پەقەت بىرلا مەزگىللىك مەدىكار (بىزدە مەدىكار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ . يىل بويى باشقىلارغا ئىشلەپ بېرىدىغانلار يىللىقچى مەدىكار دېيىلى ـ دۇ ؛ ئايلىق ئىشلەپ بېرىدىغانلار ، ئايلىقچى مەدىكار دېيى ـ لىدۇ ، ئۆزىمۇ يەر تېرىپ ، پەقەت ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرى ياكى ئورما ۋاقىتلىرىدا كېلىپ ياردەم قىلىدىغانلار كۈنلۈك ـ چى مەدىكار دېيىلىدۇ ) بار ئىدى . ئۇ بارلىق ئىشقا ئۆزى يېتىشىپ كېتەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ، نەزىردە چىنە ـ قاچى ـ لارنى ساقلىتىش ئۈچۈن ئوغلى رۇڭ تۇنى ئېلىپ كېلىدى ـ غانلىقىنى دادامغا ئېيتتى .

دادام رۇخسەت قىلدى ، مەن ناھايىتى خۇشال بولدۇم . چۈنكى ، رۇڭ تۇ دېگەن بۇ ئىسىمنى مەن خېلىدىن بېرى ئاڭلاپ يۈرەتتىم ۋە ئىككىمىزنىڭ بىر دېمەتلىك ئىكەنلىكى ـ نىمۇ بىلەتتىم . ئۇ كەبىسە ئېيىدا تۇغۇلغان . ئۇنىڭ تەقدى ـ رىنى كۆزلەپ كىتاب ئاچقاندا ، ئۇنىڭ يۇلتۇزىدا بەش ئانا ـ سىردىن پەقەت تۇپراقلا يېتىشمەيتتى . شۇڭلاشقا ، ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭغا رۇڭ تۇ (مۇنبەت تۇپراق دېگەن مەنىدە ) دەپ ئات قويغانىدى . رۇڭ تۇ قىلتاق قويۇپ قۇش تۇتۇشنى بىلەتتى .

مەن يېڭى يىلنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتىم . چۈن ـ



# 18 . ئۆسمۈر رۇڭ تۇ[1]

كۆپكۆك ئاسماندا ئالتۇن تاۋاقتەك تولۇن ئاي، قۇملۇق دېڭىز ساھىلىدا بولسا قىرغاقنى بويلاپ يىراقلارغا سوزۇلغان ياپيېشىل تاۋۇزلۇقلارنىڭ مەنزىرىسى كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بويىنىغا كۈمۈش چەمبىرەك ئاسقان 11 — 12 ياشلاردىكى بىر بالا قولىدىكى پولاتتىن ياسالغان ئارىنى بار كۈچى بىلەن سىپسىقكۆزەنگە سانجىماق بولاتتى، لېكىن سىپسىقكۆزەن شۇڭغۇپ بېرىپ، بالىنىڭ چاترىقىدىن ئۆتۈپ قېچىپ كېتەتتى.

بۇ بالا — ئەنە شۇ رۇڭ تۇ ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان چاغدا، ئۇ تېخى 11 ياشلاردا ئىدى، بىزنىڭ ئايرىلىپ كەتكىنىمىزگە ھازىر 30 يىلچە بولۇپ قالدى. ئۇ ۋاقىتلاردا مېنىڭ داداممۇ ھايات، ئائىلە ئەھۋالىمىزمۇ ئوبدان بولۇپ، مېنىڭ تازا بايۋەچچىلەردەك ئۆسۈۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. شۇ يىلى بىزنىڭ ئائىلىمىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ روھىغا ئاتاپ چوڭ نەزىر - چىراغ بېرىشكە تېگىشلىك ئىدى. مۇنداق ۋەقەلەر ھەربىر ئائىلىدە 30 نەچچە يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مۇراسىم ناھايىتى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلەتتى. 1 - ئايدا ھەر

---

[1] بۇ لۇشۈن ئەپەندىنىڭ «يۇرتۇم» ناملىق ھېكايىسىدىن قىسقارتىلغان تېكىست.

مەن كۆكتات ئالىدىغان سومكامنى كۆتۈرۈپ ، ئالايتەن ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇم . ئۇ پەلەي كىيىۋالغان قوللىرىدا ئۇزۇن سۈپۈرگىنى ئوينىتىپ ، قۇرۇپ قالغان غازاڭلارنى ، قەغەز پارچىلىرىنى ، مېۋە شۆپۈكلىرىنى سۈپۈرۈپ دۆۋىلەۋاتاتتى ...

كۆكتات ئېلىپ قايتقىنىمدا ، كۈن خېلىلا ئۆرلەپ ، تۇمانمۇ تارقىلاي دەپ قاپتۇ . مەن يەنە ئالايتەن ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇم . ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىنى دانە ـ دانە تەر تامچىلىرى قاپلىغان بولۇپ ، قۇياش نۇرىدا جۇلالىناتتى . مەن ئۇنىڭغا قارىدىم ، ئۇمۇ ماڭا قارىدى . ئاھ ، ئۇنىڭ كۆزلىرى نېمىدېگەن سەمىمىي ، نېمىدېگەن نۇرلۇق ـ ھە ! بىردەمدىلا ئۇ ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى . ئەخلەتلەرنى تازىلىق ھارۋىسىغا سېلىپ ، ھارۋىنى ئىتتىرىپ ، تۇمان ئارىسىدا كۆزۈمدىن غايىب بولدى .

كۈنلەرنىڭ كەينىدىن كۈنلەر ، ئايلارنىڭ كەينىدىن ئايلار ، يىللارنىڭ كەينىدىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ ياش ۋە گۈزەل چىرايىغا خۇددى مېنىڭكىدەك قورۇقلار چۈشۈشى ، قاپقارا چاچلىرى ئاپئاق ئاقىرىشى مۇمكىن ، دەپ ئويلىدىم . بىراق ، ئۇ بىزگە ئۆز ئەمگىكى بىلەن دوختۇرلارنىڭ سالامەتلىك بەخش ئەتكىنىگە ، ئارتىسلارنىڭ خۇشاللىق بېغىشلىغىنىغا ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بالىلىرىمىزنى تەربىيىلەپ بەرگىنىگە ئوخشاش ، گۈزەل مۇھىت يارىتىپ بېرىۋاتىدۇ .

ئېھ ، تازىلىقچى قىز ، مەن سىزگە ئاپىرىن ئوقۇيمەن .

سوئال : تازىلىقچى قىزنىڭ تاشقى قىياپىتى قانداق ؟ ئۇنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان روھىي دۇنياسىنى قايسى جايلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ ؟

لار .

1 ) ئالدىمغا قارىسام : بەنجاڭ بىلەن بەنىمىزدىكى بىر- قانچە جەڭچىلەر قوراۋپ سارغىيىپ كەتكەن ئوت - چۆپلەر- نىڭ ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ !

2 ) قاربۇدىم ۋاي ! غالىپقا ئوت تۇتىشىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ ؟

3 ) ئىسمىڭ نېمە ، كىمنىڭ بالىسىسەن ؟

4 ) سانىيە كاڭدىن سەكرەپ چۈشتى - دە : كىتابنى قوينىغا تىقىپ سىرتقا قاراپ يۈگۈردى .

5 ) ئالىم ناھايىتى سەمىمىي بالا ؛ ئۇ ئەزەلدىن يالغان سۆزلەرنى خالىمايدۇ .

6 ) مەن سىزگە ، كىچىك ئاسلاننىڭ تېلېۋىزور كۆرۈ- شى ، دېگەن بىر كىتاب بېرەي !

4 . بىرەر ساۋاقدىشىڭلار ياكى يېقىن ئادىمىڭلار بىلەن بولغان ئەسلەشكە ئەرزىگۈدەك بىر ئىشنى تاللاپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭلار . شۇ كىشىنىڭ تاشقى قىياپىتىدىكى ئالاھى- دىلىكنى يېزىشقا ۋە ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىنى يېزىشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىڭلار .

5 . تۆۋەندىكى پارچىنى ئېچىڭلاردا ئوقۇڭلار ۋە بېرىل- گەن سوئالغا جاۋاب بېرىڭلار :

تاڭ سەھەردە دېرىزىنى ئېچىۋەتتىم . ۋاھ ھاۋانى ئەجەب تۇمان بېسىپ كېتىپتىغۇ !

«شىرت ... شىرت ...» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى . ئاۋاز چىققان تەرەپكە كۆز يۈگۈرتتۈم . بىرىنىڭ قارىسى كۆرۈندى . شۇ ئىكەن ، مەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە كۆرۈپ تۇرىدىغان ھېلىقى تازىلىقچى قىز ئىكەن .

## يەتتىنچى مەشق

1 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارىمۇقارشى مەنىسىنى تېپىپ يېزىڭلار .

يوشۇرۇن ——

پۇختا ——

سالماق ——

ئاجىز ——

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە دىققەت قىلىڭلار ، ئاندىن بېرىلگەن سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار .

1 ) سىز تاپشۇرغان ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالغان ئىكەنمەن ، چوقۇم تولۇق ئورۇنداشقا ۋەدە بېرىمەن .

2 ) بېشىمىزغا كۈن كەلگەن ئىكەن ، چوقۇم بەرداشلىق بېرىپ ياشىشىمىز لازىم .

... ئىكەن ، چوقۇم ...

3 ) ئۇ گەرچە كىچىككىنە بىر تال سەرەڭگە بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ناھايىتى قىممەتلىك ئىدى .

4 ) گەرچە يامغۇر شارقىراپ يېغىۋاتقان بولسىمۇ ، مەن چوقۇم ۋاقتىدا مەكتەپكە بارىمەن .

گەرچە ... بولسىمۇ ...

3 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى تىنىش بەلگىلىرىنى ۋە ئىملاسىنى توغرىلاپ ، دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈڭ-

نامرات بولسىمۇ غۇرۇرىنى ساقلىغانلىقىغا . بۇ نېمىدېگەن
ئېسىل روھ - ھە !

ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ پاراڭلىشىدۇ . رۇستەم كەچ-
مىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ «مەن» گە «بېشىدىن كۆپ
ئىشلار ئۆتكەن» ، «تەجرىبىسىنىڭ كۆپلۈكى يېشىغا مۇنا-
سىپ كەلمەيدىغان» ئالاھىدە بالا ئىكەن دېگەن تەسىراتنى
قالدۇرىدۇ .

«مەن» نىڭ رۇستەمدىن «ئېتىڭ نېمە» دەپ سوئال
سورىغاندىن باشلاپ رۇستەمنى چۈشىنىشى بارا - بارا چوڭ-
قۇرلايدۇ . «مەن» دەسلەپ رۇستەمنى «بىر ئوبدان بالا
ئىكەنسەن» دەيدۇ ، يەنە بىردەمدىن كېيىن «سەن ياخشى
بالا ئىكەنسەن» دەيدۇ . ئاخىرىدا «رۇستەم ئەقىللىق بالا
ئىدى» دەپ باھا بېرىدۇ ھەم پېشانىسىگە سۆيۈپ قويىدۇ .

«مەن» نىڭ رۇستەم ھەققىدىكى تەسىراتى مانا مۇشۇن-
داق چوڭقۇرلاپ ماڭغان . بۇ جەرياندا بىز رۇستەمنىڭ
غۇرۇرلۇق ، تىرىشچان ، ئەخلاقلىق ، ئەقىللىق ، ئەمما
بەختسىز بالا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ، ئۇنىڭغا بولغان
ھۆرمىتىمىز ھەم ھېسداشلىقىمىز كۈچىيىدۇ .

كۆز ئالدىمىزدا جۇل - جۇل كىيىم ئىچىدە پارلىغان
ئالىيجاناب ئادىمىي خىسلەت نامايان بولىدۇ . رۇستەمنىڭ
ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭ تىرىشچان ، غەيرەتلىك ، چەبدەس ، جا-
پاغا چىداملىق بالا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەرگەن .

سىلەر «بېلىقچى بوۋاي بىلەن ئالتۇنبېلىق ھەققىدە
چۆچەك» دېگەن ئەسەردىكى مومايىنىڭ تاشقى قىياپىتى ئار-
قىلىق ئىچكى دۇنياسى ئېچىپ بېرىلگەن جايلاردىن بىر -
ئىككىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىڭلار .

يېزىقچىلىق

## تاشقى قىياپەت ۋە روھىي ھالەت

«رۇستەم» دېگەن تېكىستنى مىسالغا ئالساق، ئۇنىڭدا رۇستەمنىڭ كىچىك بولسىمۇ «ئىشلەپ چىشلەيدىغان» ئېسىل پەزىلىتى، يەنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھالال ياشاشنى ئەلا بىلىدىغان ئالىيجاناب ئەخلاقى يېزىلغان. ئەسەردە رۇستەم بىلەن «مەن» نىڭ مۇناسىۋىتى، سۆزلىرى ئارقىلىق رۇستەمنىڭ روھىي دۇنياسى ئېچىپ بېرىلگەن.

ھېكايىدە ئالدى بىلەن «مەن»نىڭ رۇستەم بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغانلىقى، رۇستەمنىڭ تاشقى قىياپىتى تەسۋىرلەنگەن. رۇستەم «مەن» نىڭ ئالدىدا «يەتتە ـ سەككىز ياشلاردىكى»، «يالاڭ ئاياغ، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل، ئۆزىدىن يوغان سېۋەتنى يەلكىسىگە ئارتىۋالغان» ھالەتتە پەيدا بولىدۇ.

«مەن» رۇستەمنىڭ ھامماللىق قىلىپ تاپاۋەت قىلماقچى بولغانلىقىنى ئۇقۇپ، كىچىك بالىغا نەرسە ـ كېرەكلىرىنى كۆتۈرتىپ مېڭىشتىن خىجىل بولۇپ، بەش كورۇش پۇل بېرىپلا يولغا سېلىپ قويماقچى بولىدۇ. ئەمما، رۇستەم: «مەن تىلەمچى ئەمەس! نەرسە ـ كېرەكلىرىڭىزنى ئاپىرىپ بەرمەي تۇرۇپ، نېمىدەپ پۇل ئالغۇدەكمەن؟» دەپ قەتئىي رەت قىلىدۇ. قاراڭلار، رۇستەمنىڭ

نىڭ كۆپلۈكى يېشىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇراتتى» دەپ ئويلايدۇ.

4) دەسلەپتە رۇستەمنى يېقىن يولاتمىغان «مەن» ئاخىرىدا نېمە ئۈچۈن رۇستەمنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ ئۇزىتىپ قويىدۇ؟

5) «مەن» نېمە ئۈچۈن رۇستەمگە «ھامان بىر كۈنى ئوغلىنى باغرىغا باسىدۇ» دەيدۇ؟ بۇ سۆزدىن قانداق مەنىنى ھېس قىلىش مۇمكىن؟

— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟

— دادامغا سالام ئېيتىپ قويۇشۇمنى ھاۋالە قىلىۋاتات-تىڭىزغۇ؟

— سەن، بىر تاغام ساڭا سالام ئېيتتى، دېسەڭلا بولدى. زادى كىم، بۇنى دېيىشنىڭ ھاجىتى يوق. سەن ئۇنىڭغا شۇنىمۇ دەپ قويغىن، ئۇ مەيۈسلەنمىسۇن، ھامان بىر كۈنى ئوغلىنى باغرىغا باسىدۇ!

رۇستەم ئەقىللىق بالا ئىدى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا:

— تاغا، سىز ياخشى ئادەم ئىكەنسىز! — دېدى ۋە قولۇمنى سۆيۈپ قويماقچى بولدى.

مەن ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدۇم. مېڭىش ۋاق-تىدا، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن قورسىقى ئېچىپ كەتسە، مېنىڭ ئۆيۈمگە كېلىپ تۇرۇشقا ماقۇل بولدى...

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى مۇستەقىل ئوقۇپ، تۆۋەندىكى مەسىلە-لەر ئۈستىدە ئويدان ئويلىنىڭلار، ئاندىن مۇزاكىرە قىلىڭ-لار.

1) رۇستەم نېمە سەۋەبتىن ئەنقەرەگە كېلىپ ھامال-لىق قىلىشقا مەجبۇر بولدى؟

2) رۇستەم نېمە ئۈچۈن «مەن» مەردلىك قىلىپ پۇل تەڭلىگەندە ئېلىشنى رەت قىلىدۇ ھەم ئاخىرىدا يەنە ئۇن كۈرۈش بەرسە بەش كۈرۈشنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ؟

3) «مەن» نېمە ئۈچۈن رۇستەمنى «ئۇنىڭ گەپلىرى كىشىگە بېشىدىن كۆپ ئىشلار ئۆتكەنلىكىنى، تەجرىبىسى-

ئايالىممۇ ئۇنى تونۇپ باقتى، لېكىن رۇستەم:
— شۇنچە پاكىز داستىخان ماڭا ئاتاپ سېلىنغان ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆمرۈمدە ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ ۋېلكا بىلەن تاماق يەپ باققان بەندە ئەمەسمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.
خوشلىشىش ۋاقتىدا مەن ئەتەي ئۇنىڭغا:
— رۇستەم، سەن ياخشى بالا ئىكەنسەن، بىراق سېنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىڭنى مەن ياقتۇرمايمەن، — دېدىم.
— نېمىشقا؟
— ئېسىڭدە بارمۇ، سەن تورمىنى كۆيدۈرۈۋېتىمەن، دېگەنتىڭغۇ؟...
رۇستەم يەنە بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى:
— هوي تاغا، سىز بۇنىڭغا راستتىنلا چىنپۈتۈپ قالدىڭىزمۇ؟ مەن بىرەر ئامال تېپىپ، دادامنى غەيرەتلەندۈرۈپ قويماقچى بولغانتىم. بىر كۈنى مەن دادامغا شۇنداق دېسەم ئۇ تۆمۈر رىشاتكىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ هەم يىغلىدى، هەم كۈلدى.
مېنىڭ كۆزلىرىمگە غىلىلدە ياش كەلدى. مەن ئىشكاپتىن ئىككى قاپ تاماكا ئېلىپ رۇستەمگە سۇندۇم ۋە:
— بۇ ساڭا ئەمەس، داداڭغا بەرگىنىم، بۇ هەپتە ئۇنى يوقلاپ بارغىنىڭدا، مەندىن سالام ئېيتىپ قويغىن، — دېدىم.
رۇستەم تاماكىنى ئېلىپ قويىنىغا سالدى ۋە ساددىلىق بىلەن:
— تاغا، سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.

لىپ مەندىكى يامان سۆپەتلىك بەزگەك، تىترەك تۇتقاندا خۇددى تۆمۈرتۇمشۇق دان ئىزدەپ دەرەخنى توكۇلداتقاندەك، چىشلىرىم كاس ـ كاس قىلىپ كاسىلداپ كېتىدۇ.

رۇستەم خۇددى بىر خۇشاللىق ئىشنى بايان قىلىۋاتقاندەك بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى. مەن ئۇنىڭ ئېچىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يۈرەكلىك هالدا:

— رۇستەم، داداڭنى يوقلاپ تۇرامسەن؟ — دەپ سورىدىم.

— هەر هەپتىدە بىر قېتىم بارىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — ئۇنىڭغا تاماكا ئاپىرىپ بېرىمەن، قانچىلىك پۇل يىغسام، هەممىسىگە تاماكا ئېلىپ ئاپىرىپ بېرىمەن. ئۆتكەن هەپتىدە ئىككى قاپ تاماكا ئاپىرىپ بەردىم.

بىز ئۇياق ـ بۇياقتىن پاراڭلاشقاچ ئۆيگە كىردۇق. ئاشخانىمىزدىن تاماقنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. ئايالىم شىرە قويۇپ چىنە ـ قاچىلارنى راسلاپ قويۇپتۇ. مەن رۇستەمنىڭ يەلكىسىدىن سىۋەتنى ئېلىپ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆكتۈم ۋە ئۇنىڭغا ئون كۇرۇشلۇق بىر پۇلنى سۇندۇم.

— ئۆيىڭىز يېقىنىكەن، نەرسە ـ كېرەكلىرىڭىزمۇ كۆپ ئەمەس، — دەپ ماڭا بەش كۇرۇشنى قايتۇرۇپ بەردى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ:

— رۇستەم، ئولتۇرە، چۈشلۈك تاماقنى بىللە يەيلى، — دەپ تەكلىپ قىلدىم.

— ياق، بۈگۈن يەكشەنبە، يەنە بىر ئاز تاپاۋەت قىلمىسام بولمايدۇ، — دېدى ئۇ.

لېكىن ئۇلار ئۇنىماي ، ئۆيىمىزدىكى يوتقان ـ كۆرپە دەم-
سىز ، قازان ـ قومۇچ دەمسىز ، ئات يوپۇقلىرى دەمسىز ،
ھەممە نەرسىنى بىرىسىلەر دەپ تۇرۇۋالدى . دادام «مانا
سىلەرگە يوتقان ـ كۆرپە» دەپ بىر پاي ئوق ئاتتى ؛ «مانا
سىلەرگە قازان ـ قومۇچ» دەپ مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى يەنە
بىر قېتىم باستى ؛ «مانا سىلەرگە ئات يوپۇقى» دەپ ئۈچىن-
چى ئوقنى ئېتىۋىدى ، بىر ژاندارما : «ئادەم ئۆلدى !» دەپ
نالە قىلىپ بىر ۋارقىراپلا چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا گۈپ-
پىدە يىقىلدى .

بىز ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالغانىدۇق . مەن سۆزى
تۈگىسۇن دەپ ، رۇستەمگە قاراپ تۇردۇم .

— تاغا ، مەن بىر كەمبەغەل ، يۈز ـ كۆزلىرىم مەي-
نەت ، ماڭا مۇنداق قارىمىسىڭىز ، . . . — دېدى .

مەن ئۇنىڭ ئېگىكىنى كۆتۈرۈپ ، كۆزىگە تىكىلىپ
خېلى ئۇزاق قاراپ كەتتىم .

— رۇستەم ، بىر ئوبدان بالىكەنسەن ، — دېدىم مەن ، —
يۈز ـ كۆزلىرىڭ ناھايىتى پاكىز . ئەنقەرەدە ، تۈركىيىدە
سېنىڭدەك بالىلاردىن كۆرمىگى بار . ھەممىڭلارنىڭ پېشا-
نەڭلەر ئوچۇق ، رەڭگى ـ رۇخسارىڭلار نۇرلۇق ، كەل ،
سېنى بىر سۆيۈپ قوياي .

رۇستەم بىلىنەر ـ بىلىنمەس سوغۇققىنا كۈلۈپ قوي-
دى ـ دە :

— مۇنداق قىلماڭ ، ئەپەندىم ، مەندە بەزگەك كېسىلى
بار ، سىزگە يۇقۇپ قالىدۇ ! — دېدى .

— بەزگەك يۇقمايدۇ !

— يۇقىدۇ ، يۇقىدۇ ! ماڭا ئاپامدىن يۇققان . يەنە كې-

— خەقلەر مەندىن سورىشى مۇمكىن ، مەنمۇ ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىمەن ، لېكىن سورىغىنى بىلەن ھېچ نەتىجە چىقمايدۇ . . . مەيلى ، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ، ئىشقىلىپ مەن بۇ يەردە كۆپ تۇرسام بەش ـ ئالتە يىل تۇرىمەن .
— ئۇنداقتا بەش ـ ئالتە يىلدىن كېيىن نېمە قىلماقچىسەن ؟
ئۇ مېنىڭ چىرايىمغا زەڭ قويۇپ سەپسالدى ، ئاندىن جىددىي تۇردە :
— سىز پايلاقچى ئەمەسسىز ؟ — دەپ سورىدى .
— ياق . . . نېمە قىلماقچىدىڭ ؟
— تۇرمىگە ئوت قويۇۋېتىمەن !
— نېمىشقا ؟
— دادام تۇرمىدە ، مەن ئۇنى قۇتقۇزۇپ چىقماقچىمەن !
مەن كۇلكەمنى ئاران توختىتىۋالدىم . بىز يەنە بىردەم جىمجىت ماڭدۇق .
— داداڭ نېمە قىلىپ تۇرمىگە چۈشۈپ قالغان ؟ — مەن يەنە سورىدىم .
— ئۇ ژاندارمىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغانتى . دادام يېزىمىزدا بىر ژاندارمىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن . دادام ياخشى ئوۋچى ئىدى . ئۇ ھېلىقى ژاندارمىنىڭ دەل مېڭىسىدىن ئېتىپ قويۇپ ، ئون سەككىز يىللىق كېسىلىپ كەتتى ...
ئۇ ھازىر تۇرمىدە ، تېخى ئىككى يىلمۇ توشمىدى .
— ھەي ، داداڭ ژاندارمىنى نېمىشقا ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ؟
— ئالۋان ـ ياساق سەۋەبىدىن . دادامدا پۇل يوق ،

مەن ئالغان نەرسە ـ كىرەكلەرنى يىغىپ كەلسە يېرىم سېۋەتمۇ كەلمەيتتى . نەرسىلەر ئېغىر بولمىغاچقا ، بۇ شاـ كىچىك يول بويى ئېگىز بىنالارغا ، چوڭ دەرەخلەرگە ، يىراقلاردىكى قار قاپلىغان تاغلارغا قىزىققان ھالدا قاراپ ماڭدى .

بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ، مەن ئۇنىڭدىن :

— ئېتىڭ نېمە ؟ — دەپ سورىدىم .

ئۇ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى :

— رۇستەم ، قاراچاقما شەھىرى ئەتراپىدىكى يېزىدىن بولىمەن . بۇ يىل توققۇز ياشقا كىردىم . ئاپام بىر يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتتى . يېزىدا بىر تاغام بار ، لېكىن ئۇ مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئالمايدۇ ، شۇڭا مەن ئەنقەرە[1] گە كېپقالغان . . .

— توختا ، بولدى ، — دەپ مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلـ دۇم ، — مەن سەندىن بۇلارنى سورىمىدىمغۇ ؟

— بىلىمەن ، — دېدى ئۇ ، — سىز مەندىن بەرىبىر بۇلارنى سورايسىز ، شۇڭا ھەممىنى بىراقلا دەۋەتتىم . دەپ بولسام قايتا سورىمايسىز .

ئۇنىڭغا گەپ تېپىپ بەرگىلى بولمىدى . ئۇنىڭ گەپلىـ رى كىشىگە بېشىدىن كۆپ ئىشلار ئۆتكەنلىكىنى ، تەجرىـ بىسىنىڭ كۆپلۈكى يېشىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇراتتى .

ئۇ مېنىڭ لام ـ جىم دېمىگەنلىكىمنى كۆرۈپ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى :

---

[1] ئەنقەرە — تۈركىيىنىڭ پايتەختى .

ئۇ كۆزۈمگە تىكىلىپ قارىغىنىچە ، سوقۇشقاق چۈجە خورازدەك ھۈرپەيدى ـ دە ، مەن ئويلىمىغان يەردىن جاۋاب بەردى :

— مەن تىلەمچى ئەمەس ! نەرسە ـ كېرەكلىرىڭىزنى ئاپىرىپ بەرمەي تۇرۇپ ، نېمىدەپ پۇل ئالغۇدەكمەن ؟

— ئۆيۈم ناھايىتى يىراق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغان نەرسە ـ كېرەكلىرىمۇ كۆپ ئەمەس . مەن ئۆزۈم كۆتۈرۈپ كېتىۋېرىمەن ، — مەن مۇشۇنداق دېمەكتىن ئۆزگە ئامال قىلالمىدىم .



— يىراق بولسا بولسۇن ، قانچىلىك نەرسە ئالسىڭىز ، شۇنچىلىكىنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ بېرەي .

نائىلاج ماقۇل بولدۇم ۋە :

— بولىدۇ ، قېنى ماڭايلى ، — دېدىم .

## 16 . رۇستەم[①]

مەن بازارغا كىرىۋىدىم ، يەتتە ـ سەككىز ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا ئۇدۇلۇمدىن چىقىپ كەلدى . يالاڭ ئاياغ ، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل ، ئۆزىدىن يوغان سېۋەتنى يەلكىسىگە ئارتىۋالغان بۇ بالا مېنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى يۈدۈپ تاپاۋەت قىلىش ئۈمىدىدە بولدى . لېكىن ، مەن كۆپ نەرسە ئالماقچى ئەمەس ئىدىم . راستىنى ئېيتسام ، كىچىك بالىغا نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى كۆتۈرتۈپ مېڭىشتىن خىجىل بولدۇم . لېكىن ، ئۇ :

— تاغا ، مەن كۆپ پۇل ئالمايمەن . بەش كۇرۇش[②] بەرسىڭىزلا بولدى ، بۇگۈن مېنى ھېچكىم ياللىمىدى ، خەق مېنى بەك كىچىك دېيىشىدىكەن ، — دەپ يېپىشىۋالدى .

ئىچىم ئاغرىپ يانچۇقۇمدىن بەش كۇرۇش چىقىرىپ :

— مە ، ئالە ! — دەپ ئۇنىڭغا سۇندۇم .

بالا بۇرنىنى تارتىپ قويۇپ ، ھەيران بولغان ھالدا ماڭا بىر قارىدى ـ دە :

— نەرسە ـ كېرەكلىرىڭىزنى يۈدۈپ ئاپىرىپ بەرگەندىن كېيىن بېرىڭ ، — دېدى .

— مە ، تۇتە ، قولۇڭغا ئال ، بۇ ساڭا بەرگىنىم .

---

① بۇ تۈركىيىنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى ف . ئېرگىنچىنىڭ ھېكايىسى .
② كۇرۇش — تۈركىيە پۇلى .

ئالتۇنبىلىق چىقىپ جاۋاب بەرمەپتۇ بىراق.
ئىلاجسىز كەلسە يېنىپ ئۆيگە بوۋاي،
ئولتۇرارمىش بوسۇغىدا شۇمشىيىپ موماي.
تۇرار ئىمىش ئۆز پېتىچە كونا كەپىسى،
ئىشىك ئالدىدا بۇرۇنقى شۇ پۇچۇق تەڭنىسى.

## كۆنۈكمە

1. بۇ شېئىرىي چۆچەكنى توغرا، ھېسسىياتلىق، ئۇدۇللۇق ئوقۇڭلار. ئىلاج بار روللارغا بۆلۈنۈپ، ماسلىشىپ دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سوئاللار ئاساسىدا مۇلاھىزە قىلىڭلار.

1) بوۋاي ئالتۇنبىلىقنى تۇتۇۋالغان چاغدا نېمە ئۈچۈن ھېچ نەرسە سورىماي قويۇۋېتىدۇ؟ سىزنىڭچە بۇ ھاماقەتلىكمۇ ياكى پەزىلەتمۇ؟

2) موماي نېمە ئۈچۈن كۈندىن ـ كۈنگە ھەددىدىن ئېشىپ، تەلەپلىرى يوغىناپ پۈتكۈل جاھاننىڭ پادىشاھى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ؟

3) نېمە ئۈچۈن بوۋاي بىلەن موماي ئاخىرىدا يەنىلا بۇرۇنقى غېرىب كەپىسى بىلەن پۇچۇق تەڭنىسىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ؟ بۇنىڭدىن نېمىنى ھېس قىلدىڭلار؟

3. بۇ شېئىرىي چۆچەكنى قېنى قايسىڭلار ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ، ھېكايىلەشتۈرۈپ بايان قىلىپ بېرەلەيسىلەر؟

دەپتۇ موماي : قىلغىن ئالتۇنبېلىققا تەزىم ،
ياندى ئەمدى ئەركىن خاقان بولۇشتىن رايىم .
بولغۇم كەلدى دېڭىزغىمۇ پادىشاھ ـ خاقان ،
قىلىپ ئۇنىڭ قۇچىقىنى ئۆزۈمگە ماكان .
ئالتۇنبېلىق خىزمىتىمدە بولسۇن ھەر كۈنى ،
نېمە دېسەم بەجا قىلىپ تۇرسۇن ئۇ شۇنى ...

بوۋاي جاۋاب ياندۇرۇشقا قىلالماي جۈرئەت ،
قىلالماي ھەم مومىيىنىڭ بۇيرۇقىنى رەت .
ماڭغان ئىمىش قاراپ يەنە كۆك دېڭىز تامان ،
ھۆركىرەرمىش ئۇندا تىنماي قارا جۇت بوران .
ئۆركەشلەرمىش غەزەپ بىلەن دېڭىز دولقۇنى ،
ئاڭلىنارمىش يىراقلارغا شىددەت شاۋقۇنى .
— ئالتۇنبېلىق ! — دەپ توۋلاپتۇ بوۋاي ۋارقىراپ ،
ئالتۇنبېلىق ئۈزۈپ كەپتۇ ئۇنىڭغا قاراپ :
— ئېيتقىن بوۋا ، بوپقالدىمۇ بىر نېمە لازىم ؟
دەپتۇ بوۋاي ئاڭا قاراپ قىلىپ بىر تەزىم :
— رەھىم قىل ، ئالتۇنبېلىق ، مەن بىر بىچارە ،
بۇ ئۆلمىگۈر مومىيىمغا قىلاي نە چارە ؟
يەر يۈزىگە شاھ بولۇشتىن يانغانمىش رايى ،
بولار ئىمىش ئەمدى چەكسىز دېڭىزنىڭ شاھى .
قىلىپ ئۇنىڭ قۇچىقىنى ئۆزىگە ماكان ،
سېلىپ بىزنى خىزمىتىگە سۈرەرمىش دەۋران ...
لام ـ جىم دېمەي ئالتۇنبېلىق سۇنى بىر چايقاپ ،
يول ئېلىپتۇ چوڭقۇر دېڭىز تەكتىگە قاراپ .
جاۋاب كۈتۈپ بوۋاي خېلى ساقلاپتۇ ئۇزاق ،

تۇرغۇدەكمىش ھەشەمەتلىك كاتتا بىر ئوردا .
ئولتۇرغانمىش تەختتە موماي پادىشاھ بولۇپ ،
باش ئېگەرمىش بايلار ئىككى تەرەپتە تۇرۇپ .
سۇنار ئىمىش قۇيۇپ شېرىن مەيلەرنى جامغا ،
زورلار ئىمىش نازۇ نېمەت ، ئېسىل تائامغا .
تۇرار ئىمىش ياساۋۇللار تىزىلىپ رەت - رەت ،
قوللىرىدا ئايپالتىلار چاقنارمىش ھەيۋەت .
بۇنى كۆرۈپ بوۋاي بەكمۇ قورقۇپ كەتكەنمىش ،
تەزىم قىلىپ موميىغا ، شۇنداق دېگەنمىش :
— سەلتەنەتلىك پادىشاھىم ، قانداق ھالىڭىز ؟
مەمنۇن بولۇپ ، سۆيۈنگەندۇ بەلكىم جانىڭىز ؟ ....
موماي ھەتتا كۆز - قىرىنى سالماي ئۇ تامان ،
— بۇنى يىراق قوغلاڭلار ! — دەپ بېرىپتۇ پەرمان .
كەپتۇ ۋەزىر - ئاقسۆڭەكلەر بىردەك ئېتىلىپ ،
تۇتۇپ بوۋاي شىلىلىسىدىن سىرتقا ئىتتىرىپ .
دەرۋازىدىن ياساۋۇللار دۈشكەلەپ - ئۇرۇپ ،
چانىغىلى تاس قېلىپتۇ پالتا ئوينىتىپ .
زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ بوۋايغا قاراپ :
— خوپ بولدى ، ئەخمەق قېرى ، ئۆز ھوشۇڭنى تاپ .
ئازراق ساۋاق بېرىپ قويدۇق بۇگۈن بىز ساڭا ،
يۈرگىن سىڭگەن نېنىڭنى يەپ ، ئالجىماي يانا ! ...

ئۆتۈپتىمىش ھەپتىلەرنىڭ كەينىدىن ھەپتە ،
ئېشىپتىمىش ھەددىدىن بەك موماي تەختتە .
ئەۋەتكەنمىش ۋەزىرىنى ئېرىمنى تاپ دەپ ،
كەلگەن ئىمىش ۋەزىر شۇئان بوۋاينى ھەيدەپ .

كەلدى ئەركىن يايرايدىغان پادىشاھ بولغۇم . . .
— ئازدىڭمۇ يا ئەقلىڭدىن ؟ — دەپ چۆچۈپتۇ بوۋاي ،
سۆز - ھەرىكىتىڭ پادىشاھقا قانداق ئوخشىغاي ؟
بۇنداق قىلساڭ مازاق قىلار پۈتكۈل ئەل سېنى ،
ئالتۇنبېلىق ئالدىغا بار دېمىگىن مېنى ...
بۇنى ئاڭلاپ موماي بەكمۇ قايناپ كېتىپتۇ ،
بوۋىيىنىڭ كاچىتىغا بىرنى سېلىپتۇ .
— تۇرسام كاتتا ئېسىل خانىم ، سەن سەھرا دۆتى ،
ماڭا جاۋاب ياندۇرغۇدەك بولدۇڭمۇ تېخى !
ياخشىلىقچە بارغىن دېڭىز بويىغا ، ساراڭ ،
ئەۋەتىمەن زورلۇق بىلەن ، ئۆزۈڭ بارمىساڭ ! ...

كەلسە بوۋاي چەكسىز دېڭىز بويىغا ئاستا ،
(تۇرار ئىمىش دېڭىز سۈيى كۆرۈنۈپ قارا . )
— ئالتۇنبېلىق ! — دەپ توۋلاپتۇ بوۋاي ۋارقىراپ ،
ئالتۇنبېلىق ئۈزۈپ كەپتۇ ئۇنىڭغا قاراپ .
— ئېيتقىن بوۋا ، بوپقالدىمۇ بىر نېمە لازىم ؟
دەپتۇ بوۋاي ئاڭا قاراپ قىلىپ بىر تەزىم :
— رەھىم قىلغىن ، ئالتۇنبېلىق ، بېشىمدا كۈلپەت ،
غوۋغا قىلىپ موماي ئارام بەرمىدى پەقەت .
خالىماسمىش ئەمدى ئېسىل خانىم بولۇشنى ،
ئارزۇلارمىش خاقان بولۇپ تەختتە ئولتۇرۇشنى .
ئالتۇنبېلىق دەپتۇ : — بوۋا ساقلىغاي تەڭرى ،
ئازابلانماڭ ، خانمۇ بولار مومىيىڭ ئەمدى ! ...

بېشىنى سېلىپ كەلسە بوۋاي ئۆيىگە ئاستا ،

مومىيىمنىڭ چالۋاقىشى تەگدى جېنىمغا .
پەسكەش خوتۇن بولمايمەن دەپ بەرمىدى ئارام ،
كېلەر ئىمىش ئېسىل خانىم بولغۇسى تامان ...
ئالتۇنبېلىق دەپتۇ : — بوۋا ، غەم قىلماڭ ئەمدى ،
بېرىۋېرىڭ ، پاناھىدا ساقلىغاي تەڭرى . . .

بوۋاي ئاستا ئۆيى تامان بولۇپتۇ راۋان ،
كەلسە ئۇندا تۇرغۇدەكمىش ھەيۋەت بىر ئايۋان .
پەلەمپەيدە تۇرغان ئىمىش موماي گىدىيىپ ،
كۆركەم بولغۇن تېرىسىدىن كەمزۇلنى كىيىپ .
بېشىغا ئۇ زەر بېسىلغان رومال ئارتقانمىش ،
بوينىغىمۇ مەرۋايىتتىن مارجان ئاسقانمىش .
قوللىرىدا پارقىرارمىش ياقۇت كۆز ئۈزۈك ،
پۇتلىرىدا غىچىرلارمىش قىپقىزىل ئۆتۈك .
نۆرغۇن ئىشچان چاكارلىرى تۇرارمىش «خوپ !» دەپ ،
موماي سۆرەپ چاچلىرىدىن ئۇرارمىش ھەدەپ .
دەپتۇ بوۋاي : — قانداق ئەھۋال ، ئىززەتلىك ئايىم ؟
مەمنۇن بولۇپ ئەمدىغۇ شاد يۈرەرسىز دائىم ؟ ...
چالۋاقاپتۇ موماي ئاڭا يوقال يىراق دەپ ،
ئەۋەتىپتۇ ئاتخانىغا ، ئات - ئۇلاغ باق دەپ .

ئۆتۈپتىمىش ھەپتە شۇنداق ھەپتە كەينىدىن ،
ئېشىپتىمىش موماي يەنە بەكمۇ ھەددىدىن .
دەپتۇ قوغلاپ بوۋىيىنى ئۇ : — دېڭىزغا بېرىپ ،
ئېيتقىن ئالتۇنبېلىققا سەن تەزىم قىلىپ :
ئېسىل خانىم بولۇشنىمۇ تارتمىدى كۆڭلۈم ،

مومايىنىڭ تىل - قاغىشىدىن پۈتتى تاقىتىم .
كوت - كوت موماي پەقەت ئارام بەرمىدى ماڭا ،
بىر يېڭى ئۆي لازىم بولۇپ قالغانمىش ئاڭا .
ئالتۇنبېلىق دەپتۇ : — بوۋا ساقلىغاي تەڭرى ،
قايغۇرمىغىن يېڭى ئۆيمۇ بولغۇسى ئەمدى ...

بوۋاي ئاستا يول ئېلىپتۇ كەپىسى تامان ،
كەلسە يوقمىش كەپىسى ھېچ ، بولۇپتۇ ھەيران .
تۇرغۇدەكمىش كەڭ - ئازادە يېڭى ئۆي ھەيۋەت ،
پۈتكەن ئىمىش مورىسىمۇ خىش بىلەن پەقەت .
ياسالغانمىش دەرۋازىسى كاشتان تىلىنىپ ،
دېرىزىدە ئولتۇرارمىش موماي كېرىلىپ .
ئۇ بوۋاينىڭ كۆزىگە قول تىققۇدەك بولۇپ ،
تىللىغىلى تۇرغان ئىمىش ئاغزىنى بۇزۇپ :
— ئارانلا بىر ئۆي ئالدىڭمۇ ، ئەي كالۋا بوۋاي ،
ئالتۇنبېلىق يېنىغا چاپ ، بېزىرىپ تۇرماي !
پەسكەش خوتۇن بولغۇم يوق ، ئېيت قىلىپ تەزىم ،
مەرتىۋىلىك ئېسىل خانىم بولۇشۇم لازىم . . .

يول ئېلىپتۇ بوۋاي شۇئان كەڭ دېڭىز تامان ،
(كۆپكۆك دېڭىز دولقۇنلىنىپ تۇرغانمىش ھەريان . )
— ئالتۇنبېلىق ! — دەپ توۋلاپتۇ بوۋاي ۋارقىراپ ،
ئالتۇنبېلىق ئۈزۈپ كەپتۇ ئۇنىڭغا قاراپ .
— ئېيتقىن بوۋا ، بوپقالدىمۇ بىرنېمە لازىم ؟
دەپتۇ بوۋاي ئاڭا قاراپ قىلىپ بىر تەزىم :
— رەھىم قىلغىن ئالتۇنبېلىق ، كەلدىم يېنىڭغا ،

ئالتۇنبېلىق ئۈزۈپ كەپتۇ ئۇنىڭغا قاراپ :
— ئېيتقىن بوۋا ، بوپقالدىمۇ بىر نېمە لازىم ؟
دەپتۇ بوۋاي ئاڭا قاراپ قىلىپ بىر تەزىم :
— رەھىم قىلغىن ، ئالتۇنبېلىق ، چۇشتى ھاجىتىم ،
موماينىڭ تىل - قاغىشىدىن پۈتتى تاقىتىم .
يېڭى تەڭنە كېرەك دەپ بەرمىدى ئارام ،
ئەسلىدىكى تەڭلىمىزمۇ تۆگەشكەن تامام .
ئالتۇنبېلىق دەپتۇ : — بوۋا ، ساقلىغاي تەڭرى ،
بېرىۋەرگىن يېڭى تەڭنە تەق بولار ئەمدى . . .

قايتىپ كەلسە مومىيىنىڭ يېنىغا بوۋاي ،
تۇرغۇدەكمىش يېڭى تەڭنە دېگەندەك ، ئايھاي .
بىراق موماي تېخىمۇ بەك تىللاپتۇ قاغاپ :
— ۋاي ھاماقەت ، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ شۇتاپ !
قاراپ تۇرۇپ ئارانلا بىر تەڭنە ئالدىڭمۇ ؟
خېلى پۇلغا يارامدىكىن بۇ دەپ قالدىڭمۇ ؟
ئارقاڭغا يان ، قاپاقۋاش چال ، يېڭى ئۆي لازىم .
ماڭ ، ئۆي سورا ! قىلىپ ئالتۇنبېلىققا تەزىم…

شۇنىڭ بىلەن يول ئاپتۇ ئۇ كەڭ دېڭىز تامان ،
(تۇرغان ئىمىش دېڭىز سۈيى داۋالغۇپ ھەريان ) .
— ئالتۇنبېلىق ! — دەپ توۋلاپتۇ بوۋاي ۋارقىراپ ،
ئالتۇنبېلىق ئۈزۈپ كەپتۇ ئۇنىڭغا قاراپ .
— ئېيتقىن بوۋا ، بوپقالدىمۇ بىر نېمە لازىم ؟
دەپتۇ بوۋاي ئاڭا قاراپ ، قىلىپ بىر تەزىم :
— رەھىم قىلغىن ، ئالتۇنبېلىق ، چۇشتى ھاجىتىم ،

دەپتۇ بوۋاي ھەيران بولۇپ قورقۇنچ ئىچىدە :
«ئوتتۇز ئۈچ يىل بىلىق تۇتۇپ مۇشۇ كەمگىچە ،
ئاڭلىمىغان بىلىق زۇۋان سۇرەلەيدۇ دەپ ،
ئۇقالمىدىم ئۆزگىچىغۇ بۇ بىلىق ئەجەب . . .»
بوۋاي ئۇنى كەڭ دېڭىزغا قويۇپ بېرىپتۇ .
چىن كۆڭلىدىن ئىككى ئېغىز سۆزمۇ قىلىپتۇ :
— ھەققىڭ ماڭا كېرەك ئەمەس ، ئەي ئالتۇنبېلىق .
تەڭرى ساقلار ، كەڭ دېڭىزدا ئال ئەركىن تىنىق ···
كەيىنگە قايتىپ كېلىپ بوۋاي شۇ ھامان ،
مومىيىغا دەپتۇ شۇنداق بولغانچە ھەيران :
— قارا موماي ، تۇتتۇم بۈگۈن بىر ئالتۇنبېلىق ،
سۆزلەيدىكەن ئادەم كەبى ئاجايىپ ئېنىق ،
قويۇۋەتكىن دېڭىزغا دەپ يالۋۇردى ماڭا ،
دەيدۇ تېخى : «خالىغاننى بېرىمەن ساڭا ···»
ئويلاپ كۆرۈپ ، بىچارىدىن ئالماستىن ھېچ نەپ ،
قويۇۋەتتىم كەڭ دېڭىزغا ، كۆنۈڭنى ئال دەپ ···
تېرىكىپتۇ موماي شۇئان بۇ گەپنى ئاڭلاپ ،
نوقۇپ تۇرۇپ بوۋىينى ، تىللاپتۇ قاغاپ :
— نېمىدېگەن ھاماقەتسەن ، قاپاقۋاش ساراڭ ،
بولماسمىدى ھېچبولمىسا بىر تەڭنە ئالساڭ !
قارىمامسەن تەڭنىمىزگە كەتكەن يېرىلىپ ،
ئالغىن سوراپ يېڭى تەڭنە ، يۈگۈر تېز بېرىپ !···

شۇنىڭ بىلەن يول ئاپتۇ ئۇ كەڭ دېڭىز تامان ،
تۇرغان ئىمىش دېڭىز ئاستا چايقىلىپ ھەريان .
— ئالتۇنبېلىق ! — دەپ توۋلاپتۇ بوۋاي ۋارقىراپ ،

# 15 . بېلىقچى بوۋاي بىلەن ئالتۇنبېلىق ھەققىدە چۆچەك[1]

بىر بوۋاي بىر موماي بىلەن ئۆتكەن زاماندا ،
چەكسىز كەتكەن كۆپكۆك دېڭىز بويى ـ تاماندا .
قىلىپ پاناھ كونىرىغان كەپە ئۆيىنى ،
ئالغان ئىكەن ئوتتۇز ئۈچ يىل بىللە كۈننى .
كۈندە بېلىق تۇتار ئىكەن تور تاشلاپ بوۋاي ،
چاق ئېگىرىپ ئولتۇرىدىكەن كەپىدە موماي .
بىر كۈنى بوۋاي كەڭ دېڭىزغا تورنى تاشلىسا ،
ئىلىنىپتۇ چاڭگا ئوخشاش لەشلەر ، قارىسا .
ئىككىنچى رەت باقسا تاشلاپ يەنە تورىنى ،
سۈزۈۋاپتۇ بىرنەچچە تال دېڭىز چۆپىنى .
ئۈچىنچى رەت بوۋاي تورنى تاشلاپتۇ يىراق ،
چۈشۈپتۇ بىر بېلىق شۇئان تورىغا ، بىراق . . .
ئادەتتىكى بېلىق ئەمەس ، ئالتۇنبېلىقمىش .
ئادەم كەبى زۇۋان سۈرۈپ يېلىنغان ئىمىش :
— قويۇۋەتسەڭ ئەگەر بوۋا دېڭىزغا مېنى
قىلار ئىدىم شۇنداق رازى ھەق بېرىپ سېنى .
بولار ئىدى ئالدىڭدا تەق خالىغان نەرسەڭ ،
رەھىم قىلىپ تېنىمگىلا ئەركىنلىك بەرسەڭ . . .

---

[1] بۇ روسىيىنىڭ داڭلىق شائىرى پۇشكىن (1799 — 1837 ) نىڭ ئەسىرى .

△ يامانىنىڭ يامانلىقى بار،
كىشى بىلمەس ھىيلىسى بار.
△ قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقىدۇ،
يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقىدۇ.

1. [illegible]
2. [illegible]
3. [illegible]
4. [illegible]

[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]
[illegible]

ئېيتىمەن .

ئىككىسى بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشتى .

— مەيلى ، سىنىڭچە بولسۇن . بايا موماڭمۇ مەندىن رەنجىگەندەك بولۇپ قېلىۋىدى . ئەمدى بىر خۇشال قىلايلى . قېنى يۈر .

## كۆنۈكمە

1 . تېكىستنى ئىچىڭلاردا تەكرار ئوقۇپ بۆلەكلەرگە بۆلۈڭلار ، ھەربىر بۆلەككە كىچىك ماۋزۇ قويۇپ ، ئۇلارنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

2 . تېكىستكە نېمە ئۈچۈن «خاتا بېسىلغان بىر قەدەم» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان ؟

3 . تېكىستنىڭ بېشىدىن «… ھويلىغا سىنىپ تەربىيىچىسى كىرىپ كېلىۋاتاتتى» دېگەن يەرگىچە ۋە «ئۇيات-نومۇستىن ئۆرتەنمەكتە ئىدى» دېگەن يەردىن «… بوۋىسىدىن پۇل سوراشقا پېتىنالمىدى …» دېگەن يەرگىچە قايتا ئوقۇپ ، قۇددۇسنىڭ روھىي ھالىتىدە قانداق ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

4 . تۆۋەندىكى ماقاللارنى تېكىست مەزمۇنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە شۇ ئاساستا تەسىراتىڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار .

△ ياخشى بىلەن يۈرسەڭ ، يېتىسەن مۇرادقا ،
ايامان بىلەن يۈرسەڭ ، قالىسەن ئۇياتقا .

△ ياخشىدىن جاپا كەلمەس ،
يامانىدىن ۋاپا .

يولدىن ئازدۇرساڭلار بولامدۇ ؟ — دېدى مۇئەللىم ئاچچىقىدىن يۇتۇپ ، ئاندىن نەسىھەت قىلىشقا ئۆرۈندى ، — ئۆزۈڭلارمۇ تېخى بالا ئىكەنسىلەر ، مەكتەپتە ئوقۇغان بولساڭلار ...

هال رەڭ كۆڭلەكلىك بالا كەينىگە ئىككى قەدەم چېكىنىپ چەت ئەل كىنولىرىدىكىگە ئوخشىتىپ ، قوللىرىنى كېرىپ ئېگىلدى . ئاندىن «بەي ـ بەي» دەپ ، ھەمراھلىرى بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىچە كېتىشتى . مۇئەللىم ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئېچىنغان ھالدا بېشىنى چايقاپ قاراپ قالدى .

— مۇئەللىم ، مەن سىزنى رەنجىتىپ قويدۇم ، بۇنىڭ ھەممىسىگە مەن ئەيىبلىك .

مۇئەللىم باللاردىن كۆزىنى ئۈزۈپ ، يەرگە قاراپ تۇرغان قۇددۇسنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى .

— مەن رەنجىمىدىم ، قۇددۇس ، — دېدى كۈلۈمسىرەپ ، — مەن قايتىدىن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى ياخشى ئوقۇغۇچىسىنى كۆرگىنىمدىن خۇشال . لېكىن ، دىققەت قىل ، خاتا بېسىلغان بىر قەدەمنىڭ سېنى قانداق خەتەرلىك يولغا سۆرەپ ماڭغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالما .

— ئۇنتۇپ قالمايمەن مۇئەللىم ، بۇ ماڭا بىر ساۋاق بولدى ، — قۇددۇس بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇئەللىمگە قارىدى ، — بىر ئىشنى تېخى سىزگە ئېيتقىنىم يوق .

— ئۇنىمۇ ئېيتىۋەت ، ئەسكىلىكلەردىن بىراقلا خالاس بول .

— ئېيتىمەن ... بۇ يەردە ئەمەس . سىز مەن بىلەن ئۆيگە بارسىڭىز ، شۇ يەردە — بوۋام ، موماملىنىڭ ئالدىدا

كەن . ئويندۇق ، زورلىمىدۇق . بىر كۈن ئەمەس سەك-
كىز- ئون كۈن ئويندى ، ئۇتتۇرۇۋەردى . تونۇش بولغان-
دىكەن بىر كۈنى پۇلنى بېرىۋېتەر دېسەك بىزدىن قېچىپ
يۈرىدۇ ، ئىشەنمىسىڭىز ئۆزىدىن سوراپ بېقىڭ .
— بۇ گەپ راستمۇ ، قۇددۇس ؟



يەر يېرىلسا قېچىپ كىرىۋالغۇدەك خىجىللىقتا قالغان
قۇددۇس مۇئەللىمگە قارىيالماي راست دېگەندەك بېشىنى
لىڭشىتتى . مۇئەللىم سومكىسىدىن پۇل ئېلىپ بېرىۋەتتى .
— بىليارت ئويناشنى باھانە قىلىپ كىشىنى مۇشۇنداق

كەتكەن چىرايىدا مۇتتەھەم كوچا لۈكچەكلىرىگە خاس ئىس-تىھزالىق كۈلكە ئوينىدى :
— كىمنىڭنى ئەخمەق قىلىسەن ، — دېدى ئېغىرلىقىنى بىر پۇتىغا تاشلاپ يېرىم تولغىنىپ ، — پۇلۇڭ كەم ، 11 يۈەن ئىكەن ، سەن ئەسلىدە 13 يۈەن تۆلىشىڭ كېرەك ، سېنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگىچە بىرمۇنچە ئىشىمىزدىن قالدۇق ، 20 يۈەن بېرىسەن ، قېنى يەنە 9 يۈەن چىقار .
قۇددۇس ئالدىراشچىلىقتا پۇلنى كەم ئالغانلىقىنى بى-لىپ دۇدۇقلاپ قالدى :
— قالغىنىنى كېيىن بېرەي ... ھازىر پۇلۇم يوق .
— پۇلۇڭ بولمىسا يەنە ئوينا ، ئۇتتۇۋالساڭ ئالمايمىز .
— ئوينىمايمەن ، پۇلنى كېيىن بېرىۋېتەي ...
— نېسىدىن تەلىيىم يوق ، ھازىر بېرىسەن ، بولمىسا ... ،
— بالا مۇشتلىرىنى تۈگۈپ ئالدىغا يەنە بىر قەدەم دىۋەيلەپ كەلدى . مۇئەللىم ئۇنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ قۇد-دۇسنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ تۇرۇۋالدى .
— سىلەر كىم ، قۇددۇس نېمە ئۈچۈن سىلەرگە پۇل تۆلىشى كېرەك ؟ — دېدى ئۇ يان تەرەپتىن قىستاپ كېلى-ۋاتقان ئىككى بالىنىڭ ھۇجۇمىدىن قۇددۇسنى قوللىرى بىلەن توسۇپ .
— خانىم ، سىز ئۇنىڭغا يان باسماڭ ، پۇلنى بەرىبىر ئالىمىز .
— پۇلۇڭنى مەن بېرىمەن . قېنى ئېيت ، نېمە ئىش بۇ ؟
— نېمە ئىش بولاتتى ، بىز بىليارت ئويناپ پۇل تاپى-مىز . ئارقىڭىزدىكى بۇ سولتەكنىڭمۇ ئوينىغۇسى بار ئى-

دېدى قۇددۇس مۇئەللىمگە دادىللىق بىلەن قاراپ .

— مەنمۇ سېنىڭ شۇنداق قىلىشىڭغا ئىشىنەتتىم ، — مۇئەللىمنىڭ ھارغىن چىرايىغا ئىللىق كۈلۈمسىرەش قوندى .

— سىزنى ئالدىغانىدىم ...

— شۇنداق ، سەن مېنى ئالدىدىڭ ، مەنمۇ بوۋاڭ بىلەن موماڭنى ئالدىدىم . بۇنىڭدىن ساڭا ئوخشاشلا ئازابلىنىۋاتىمەن ...

— ئەمدى ئىككىنچى يالغانچىلىق قىلمايمەن ، مۇئەللىم .

— مەن سېنىڭ ۋەدەڭدە تۇرىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن ، ياخشى ئوقۇغۇچى سەممىي بولىدۇ . قېنى ئېيتقىنا ، سېنى يالغانچىلىق قىلىشقا نېمە مەجبۇر قىلدى ؟

قۇددۇس بىرنەچچە سېكۇنت ئىككىلىنىپ قالدى . بىلىيارت ئويناشقا بېرىلىپ كەتكىنىنى ئېيتىشقا ئاسان بولغىنى بىلەن ، بوۋىسىنىڭ يانچۇقىغا قول سالغانلىقىنى دېيىش ئۇنىڭغا ھار كەلمەكتە ئىدى .

يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەك تۇيۇقسىزلا پەيدا بولغان ئۈچ بالا ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ توختىدى . بۇ كۈتۈلمىگەن ئەھۋالدىن ھودۇقۇپ كەتكەن قۇددۇس ئىختىيارسىز ھالدا مۇئەللىمگە يېقىن سۈرۈلۈپ تۇرۇۋالدى . ھال رەڭ كۆڭلىكىنىڭ تۆۋەنكى ئىككىلا تۈگمىسى ئېتىلگەن ، مەيدىسى ئوچۇق بالا قۇددۇسقا قاراپ بۇيرۇق ئاھاڭىدا دېدى :

— پۇلنى چىقار !

قۇددۇس ئالمان - تالمان يانچۇقىدىكى پۇلنى ئېلىپ تەڭلىدى .

ھال رەڭ كۆڭلەكلىك بالىنىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ

تۇردى .

— مۇئەللىمنىڭ كەلسە ئالدىغا چىقىپ سالاملىشىپ قويمىدىڭىزغۇ بالام ، خۇيمۇ خىجالەت بولدۇم ، ھوي ، نېمە بولغانسەن ، چىرايىڭ باشقىچىلىغۇ ؟

— ھېچنېمە ··· ئۆزۈمچە شۇنداق ··· ، — ئۇ دۇدۇقلىدى ، ئاۋازى باشقا بىر ئادەمنىڭكىدەك ئاجىز ، سۇنۇق ئىدى . ئۇ ئۆزىنى ھېچقاچان مۇنداق چۈشكۈن ، روھسىز ھالەتتە سەزمىگەنىدى . بوۋىسى بىلەن مومىسى ئۇنىڭ راست سۆزلۈكى ، زېرەكلىكىدىن ماختىناتتى . مۇئەللىمى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ سىنىپنىڭ ئۆگىنىش باشلىقلىقى ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغانىدى ھەم ئۇنىڭ سىنىپ پائالىيەتلىرىدىكى ئۇتۇقلىرىدىن پەخىرلىنەتتى . ئەجەبا ، ئۇ مۇشۇ بىر ئىش بىلەن ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم بولسا ، ئۆزىنىڭ خاتا باسقان قەدىمىنى توغرىلاشقا جۈرئەت قىلالمىسا ؟ !

ئۇ بىردىنلا ۋۇجۇدىنى يورۇتۇپ ئۆتكەن پىكىرنىڭ كۈچىدىن سەگەكلەشتى ، گەۋدىسىنى بېسىپ تۇرغان يۈكمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭلا غۇلاپ چۈشكەندەك قەددىنى رۇسلاپ مومىسىغا قارىدى .

— ھېلىمۇ كېچىكمەيمەن ، — دېدى ۋە مومىسىنى ھەيران قالدۇرۇپ ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى .

ئۇ مۇئەللىمىنىڭ ئالدىدىن چىقىش ئۈچۈن يېقىن يولنى تاللاپ يۈگۈردى ۋە دوقمۇشتىن بۇرۇلۇشىغا ، يىراقتىنلا ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقان مۇئەللىمىنى كۆرۈپ قېلىپ قەدەملىرىنى ئاستىلاتتى ، لېكىن توختىماي مېڭىۋەردى ، ئۇلار ئىككى - ئۈچ قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ توختاشتى .

— مۇئەللىم ، مەن سىزنى ئىزدەپ چىققانىدىم ، —

سا «چىمەنخان ئانا ، قۇددۇستىن سىلىنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ يوقلاپ كېلىشىم ئىدى» دەۋەتسىلا ھەممە ئىش ئاشكارىلىناتتى . بۇ يالغان گەپتىن ئەسلا ئاغ-رىپ قالمىغان مومىسىنىڭ دىلى رەنجىگەن ، بوۋىسى ئاچ-چىقلانغان بولاتتى .

قۇددۇس شۇ تاپتا ئۇيات - نومۇستىن ئۆرتەنمەكتە ئىدى . ئەگەر مۇئەللىمى ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ يانچۇقىغا قول سالغانلىقىنى بىلسىچۇ؟ بۇنىڭ ھەممىسىگە ھېلىقى ئويۇن سەۋەبچى ئەمەسمۇ ! ... توغرا ، شۇ ئويۇن سەۋەبچى بولدى !

ئۇ مەكتەپكە بېرىپ - كېلىشىدە بىرنەچچە قېتىم ئىخ-تىيارسىز بىليارت ئويناۋاتقان كوچا باللىرىغا قاراپ تۇ-رۇپ قالغانىدى . بۇلارنىڭ بىر - ئىككىسى قۇددۇسنى تونۇيدىغان بولغاچقا ئۇنى ئويناشقا قىزىقتۇردى . ئۇ ئاۋۋال خىجىل بولدى ، كېيىن ئويناپ كۆردى ، ئۇنىڭ ئوينىشىنى ئۆپچۆرىسىدىكىلەر ماختاشتى . نەتىجىدە ، ئۇ مەكتەپكە كې-چىكىپ قېلىپ مومام ئاغرىپ قالغانىدى ، دەپ سەۋەب كۆر-سەتتى . ئۇ بىليارت ئويناشقا بېرىلىپ كەتتى ، ئۇتتۇرغان-سېرى تېخىمۇ قىزىشىپ ئوينايدىغان بولدى ، ئاخىر 13 يۈەن قەرزدار بولۇپ قالدى . ئۇنى ئويناشقا قىزىقتۇرغانلار پۇلنى تۆلىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى ، بولمىسا ... دەپ تەھدىت سالدى . مانا شۇ چاغدىلا قۇددۇس ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقى-نى بىلدى . ئۇ ئۇتتۇرغان پۇلنى تۆلىۋېتىپ بىليارتنى ئىك-كىنچى ئوينىمايمەن دەپ ئۆز - ئۆزىگە ۋەدە بەردى ، لېكىن ئەھۋالنى ئوچۇق ئېيتىپ بوۋىسىدىن پۇل سوراشقا پېتىنالمى-دى ...

مومىسىنىڭ ئىشىكتە پەيدا بولۇشى ئۇنى ئېسىگە كەل-

موماي دېرىزە تەرەپكە بويىنىنى سوزۇپ چاقىردى ، — بالام ، مۇئەللىمىڭ بىلەن كۆرۈشمەمسەن ؟ !

ئۆيدىن جاۋاب بولمىدى .

— سىلىدىن تارتىنىۋاتىدۇ ، ئەتىمالىم .

— بىز دېرىزە ئارقىلىق كۆرۈشتۇق ، — دېدى مۇئەللىم موماينىڭ ئوڭايسىزلانغانلىقىنى بىلىندۇرمەي ، ئاندىن ئالدىرىغاندەك قولىغا سومكىسىنى ئېلىپ ، — سىلەردىن ئەھۋال سوراپ ئۆتۈپ كېتەي دەپ كېلىشىم چىمەنخان ئانا . ئىمتىھان ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى . قۇددۇس بۇ يىل باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزىدۇ . قۇددۇسقۇ ھەر يىلى ياخشى ئوقۇپ كېلىۋاتقان بالا ، شۇنداق بولسىمۇ ، كۆز ـ قۇلاق بولۇشۇپ قويۇشالا ، — دېدى .

— شۇنداق بولمامدىغان قىزىم ، ھەرقايسىلىرى شۇنچە كۆيۈنۈۋاتقان يەردە بىز پەرۋاسىز يۈرسەك خۇدامۇ راۋا كۆرمەس .

قۇددۇس مومىسىنىڭ شۇنچە زورلاشلىرىغا قارىماي «ئالدىراش ئىشىم بار ئىدى» دەپ چىقىپ كېتىۋاتقان مۇئەللىمىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپلا قالدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ساراسىمىگە چۈشكەنىدى ، قەلبىنى چىداپ تۇرغۇسىز بىر خىجىللىق تاتىلىماقتا ئىدى . ئادەتتە مۇئەللىم ئائىلە سۆھبىتىگە كەلسە قۇددۇسنىڭ مومىسى بىلەن خېلى ئۇزۇنغىچە مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى ، قۇددۇسنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى ، ياخشى ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى . بۇ قېتىم ئۇن مىنۇت ئولتۇرۇشقىمۇ رايى بارمىدى . قۇددۇسنىڭ يالغانچىلىق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىدى . بولمى-

ھويلا دەرۋازىسىغا كۆزى چۈشۈپ قىلىپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى . ھويلىغا سىنىپ تەربىيىچىسى كىرىپ كېلىۋاتاتتى .

— مۇئەللىم قىزغۇ بۇ ، كەلسىلە بالام ، كەلسىلە ، — دەپ خۇش چىراي قارشى ئالدى مومىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ، — قانداق شامال ئۇچۇرتۇپ كەلدى سىلىنى ، توۋا ، ھىلىلا ئويلاپ تۇرۇۋېدىم تېخى …

مومىسى مۇئەللىمنى دېرىزە ئالدىدىكى سۇپىغا باشلاپ كۆرپە سالدى .

— سالامەتلىكلىرى قانداقراق چىمەنخان ئانا ؟ — دېدى مۇئەللىم كۆرپىگە جايلىشىپ .

— خۇداغا شۈكۈر قىزىم ، سالامەتلىكىمدىن شىكايەتىم يوق ، ھازىرغىچە ئاغرىپ بىرەر كۈن يېتىپ قالغىنىمنى ئەسلىيەلمەيمەن بالام ، — مومىسى مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرىدى .

— مەن تېخى سىلىنى …

ئۆي ئىچىدىن ئورۇندۇقنىڭ تاراقلاپ ئۆرۈلگىنى ئاڭلاندى . مۇئەللىم ئوچۇق دېرىزىدىن ئورۇندۇقنى تىكلەپ قويۇۋاتقان قۇددۇسنى كۆردى ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى . مۇئەللىم ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىك بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىدىن يېلىنىشقا ئوخشايدىغان ئاجىز ئۇچقۇنلارنى بايقاپ ئەجەبلەندى . ئاندىن بىرەر نەرسىنى پەملەپ ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى . ئۇ سۆز قىلىشقا تەمشەلدى ھەم گەپكە قۇلاق سېلىپ تۇرۇۋاتقان قۇددۇسنىڭ بوۋىسىغا كۆز قىرىدا قاراپ قويۇپ مومايغا يۈزلەندى :

— قۇددۇس دەرس تەييارلاۋاتقان ئوخشىمامدۇ ؟

— كۈندە شۇنداق ، كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرمەيدۇ ، —

# 14. خاتا بېسىلغان بىر قەدەم

ئۇ پۈتۈن ئەزايى تىترىگەن، چىرايى تاتارغان هالدا جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۆيدىن يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كېتىشكە ماغدۇرى يەتمىدى، ئۇچۇقراقى، جۈرئەت قىلالمىدى. هويلىدا قويلارغا هەلەپ ئېتىۋاتقان بوۋىسىنىڭ، گۈللەرنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىۋاتقان مومىسىنىڭ توختىتىۋېلىپ نەگە بېرىشىنى سورىشىدىن، رەڭگىرويىدىكى ئۆزگىرىشكە قاراپ گۇمانلىنىپ قېلىشىدىن قورقتى. بوۋىسى بىلەن مومىسى ئۇنىڭ دەرس تەييارلىشىغا دەخلى يەتمىسۇن دەپ ئۇنسىز هالدا ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەند ئىدى. ئۇ بولسا دەرس تەييارلاشنىڭ ئورنىغا بىر سائەتتىن بېرى مېهمانخانىغا كىرىۋېلىپ، پۇلنى نەدىن تېپىش توغرىسىدا باش قاتۇرغان هەم ئاخىر بوۋىسىنىڭ كىيىم ئاسقۇچتىكى چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا قول سالغانىدى.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭدىكى قورقۇنچ تارقىغاندەك، تىترەكمۇ بېسىلغاندەك بولدى. ئۇ ئەمدى «نەگە» دېگەن سوراققا «بېشىم ئاغرىپ كەتتى، بىردەم ئايلىنىپ كېلىپ يەنە ئوقۇيمەن» دەپ جاۋاب بەرسە ئۇلارنىڭ بىر نېمە دېمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭغا بېرىلگەن مۇددەت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىشىكتىن چىقىپلا يۈگۈرسە ئانچە كېچىككەن بولمايتتى. ئۇ ئۇستەلنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۇچۇق تۇرغان دېرىزە ئالدىغا كەلگەندە،

3 . ئۆزۆڭلارغا ئەڭ تونۇش بولغان بىرەر شەيئىنى تاللاپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭلار . شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تونۇشقا ۋە شۇ ئارقىلىق مول تەسەۋۋۇرنى قانات يايدۇرۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىڭلار .

ھاجىتى؟ ناۋادا تاۋلىنىمەن دەپ كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كەتسەم قانداق قىلىمەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇنداق تۇرۇۋەرگىنىم تۈزۈك! مەيلى، مۇسكۇللىرىم قاتمىسا قاتماۋەرسۇن. ھازىرقى تۇرقۇم بىلەنمۇ گۈزەل ھېسابلىنىۋېرىمەن! ...

ھەيكەلتىراش سېغىز لايدىن بىرىنى ئوغۇل، بىرىنى قىز قىلىپ بىر جۈپ قونچاق ياسىدى. بۇ قونچاقلار شۇنداق ئوخشىتىپ ياسالغان ئىدىكى، ئۇلارنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئوماق چىرايى، مۇلايىملىق بىلەن تىكىلىپ تۇرغان سەبىي كۆزى، ئاز - تولا كەپسىزلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان كىچىككىنە بۇرنى، بىر تەرەپكە سەل - پەل قىيسىيىپ تۇرغان نېپىز لېۋى ھايات بالىلاردىن ھېچقانداق پەرق قىلمايتتى. ھەيكەلتىراش ئۇلارنى خۇمدانغا سېلىپ، يالقۇن ئىچىدە تاۋلىماقچى بولۇۋىدى، ئوغۇل قونچاق خۇشاللىق بىلەن رازى بولدى، قىز قونچاق زادىلا ئۇنىمىدى.

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەردە بىرمۇنچە نۇقسانلار بار، قېنى كىم ھەم تېز، ھەم توغرا تۈزىتىپ چىقالايدىكىن، نېمە ئۈچۈن خاتا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىلەر؟

1) «ئۆسمۈرلەر گېزىتى» ۋە «تارىم غۇنچىلىرى» دېگەن ئىككى گېزىتنى ناھايىتى سۆيۈپ ئوقۇيمەن.

2) ئاپام ماڭا بازاردىن ئالما، نەشپۈت ۋە كەمپۈت قاتارلىق مېۋىلەرنى ئەكىلىپ بەردى.

3) پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە سىنىپ تەربىيىچىمىز بىز بىلەن بىللە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

4) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىڭئۆيلەرنى، قاناس كۆلىنى، يارغۇل سارىيى ۋە نەنجىڭ - چاڭجياڭ كۆۋرۈكى قاتارلىق قەدىمىي يادىكارلىقلارنى جۇڭگو ۋە چەت ئەل ساياھەتچىلىرى ناھايىتى قىزىقىپ ساياھەت قىلىدۇ.

# ئالتىنچى مەشىق

1 . تۆۋەندىكى «بىر جۈپ لاي قونچاق» دېگەن پارچى-
نىڭ رەت تەرتىپى قالايمىقان ئورۇنلاشتۇرۇلغان . سىلەر
ئۇنى ئەستايىدىل ئوقۇپ ، مەزمۇنىنى چۈشىنىۋالغاندىن كې-
يىن ، توغرىلاپ يېزىڭلار .

## بىر جۈپ لاي قونچاق

هەيكەلتىراش قىز قونچاقنى هەرقانچە قىلىپمۇ گەپكە كۆندۈرەل-
مىدى . ئاخىرى ئۆز رايىغا قويۇپ بەردى . ئوغۇل قونچاق خۇمداندىكى
لاۋۇلداپ تۇرغان يالقۇن ئىچىدە تاۋلىنىپ قايتىپ كەلدى . ئۇنىڭ
پۈتۈن ئەزايى ئالتۇندىن هەل بېرىلگەندەك چاقناپ تۇراتتى . قىز
قونچاق ئۆزىنىڭ يالقۇن ئىچىدە تاۋلىنىشتىن قورقۇپ ، بارمىغانلىقىغا
پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئاغزىدا تەن بەرگۈسى كەلمەي
«هىم !» دەپ قويدى . شۇنىڭدىن كېيىن بالىلار ئوغۇل قونچاقنى
تالىشىپ ئوينايدىغان بولدى ، قىز قونچاق بىر چەتتە قالدى . ئۇ ئەلەم
بىلەن يىغلىۋەتتى . بۇنىڭغا نېمە ئامال بار دەيسىز ؟ ئۇ سەۋەنلىكىنىڭ
ئۆزىدىن ئۆتكەنلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈ-
رۈۋەردى . بىر كۈنى بالىلار بۇ قونچاقلارنى تالادا ئۇنتۇپ قېلىپ
ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشتى . كېچىسى قاتتىق يامغۇر ياغدى . تاۋلان-
غان ئوغۇل قونچاق يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلۇپ تېخىمۇ پارقىراپ ، كۆز-
نىڭ يېغىنى يېگۈدەك گۈزەل تۈسكە كىردى . تاۋلانمىغان قىز قونچاق
بولسا چەيلەنمىگەن خېمىردەك ئېرىپ ، لايغا ئارىلىشىپ كەتتى ...
— قورقمەن ! — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ ، — تاۋلىنىشنىڭ نېمە

دۇرغاندا ، هورلىرى پۇرقىراپ تۇرغان غاز كاۋپىنى كۆر-
گەندەك بولىدۇ ؛ ئۇچىنچى سەرەڭگىنى ياندۇرغاندا ، مۇقەد-
دەس دەرەخنى كۆرگەندەك بولىدۇ ؛ تۆتىنچى سەرەڭگىنى
ياندۇرغاندا ، مومىسىنى ئاجايىپ ئىللىق ۋە مېھرىبان قىيا-
پەتتە ئېنىق كۆرگەندەك بولىدۇ ؛ بىر باغلام سەرەڭگىنىڭ
ھەممىسىنى بىراقلا ياندۇرۇۋەتكەندە ، مومىسى ئۇنى بىراقلا
ئېلىپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ . بۇ تەسەۋۋۇرلار قىزچاقنىڭ
شۇ ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتىگە ناھايىتى ئۇيغۇن بولۇپ ،
ئاپتور بۇنى ئىنتايىن چىن ئىپادىلەپ بېرەلىگەن ، شۇڭا
ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا قىزچاققا بەكمۇ ھېسداشلىق قىلىمىز .

بۇنىڭدىن تاشقىرى ، ئاپتور تەسەۋۋۇر ئارقىلىق نامرات-
لىق ئىلكىدە ياشاۋاتقان باللارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنىمۇ
ئوتتۇرىغا قويغان . ھارپا كېچىسى ، بۇ نامرات باللارمۇ
باشقىلارغا ئوخشاش ئاچ - يالىڭاچ قالماسلىقى ، مىلاد بايرى-
مىنى خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈشى ، بەختىكە سازاۋەر بولۇ-
شى كېرەك ئىدى . «زېمىستان سوغۇق ، ئاچ - زارلىق ۋە
جاپا - مۇشەققەتلەر بولمىغان» زامان ۋە ماكان ھەققىدىكى
غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك ئىدى . بىراق ، ئەينى
ۋاقىتتىكى دانىيىدە مۇنداق غايە نامرات باللار ئۈچۈن پە-
قەت بىر ئارزۇ - ئارمانلا ئىدى ، خالاس . دېمەك ، ئەسەردە
مول تەسەۋۋۇر قانات يايدۇرۇلسا ، كىتابخانلارغا ئۈمىد ،
غايە ئېلىپ كېلەلەيدۇ ، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ بۇنداق ئۈ-
مىد ، غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ئىلھام بېرەلەيدۇ .

يېزىقچىلىق

# مول تەسەۋۋۇرنى قانات يايدۇرۇش

بىرەر ئەسەرنى ئوقۇغاندا، قايسىلىرىنىڭ كونكرېت شەيئى، قايسىلىرىنىڭ كونكرېت شەيئىدىن كېلىپ چىققان تەسەۋۋۇر ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۇرۇشىمىز لازىم. ئەسەر يازغاندىمۇ، ھەقىقىي شەيئىلەرنى كونكرېت بايان قىلىشقا، بەزى چاغلاردا مول تەسەۋۋۇرنى قانات يايدۇرۇشقا، بۇ ئارقىلىق ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

«سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق» دېگەن چۆچەكنى ئالساق، بۇ چۆچەكتىكى سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاقنىڭ ھەم سوغۇق، ھەم قاراڭغۇ ھارپا كېچىسى كوچىدا سەرەڭگە سېتىپ يۈرگەنلىكى، مۇزلاپ، قورسىقى ئېچىپ زادى چىدىيالماي قالغانلىقى، تامنىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، سەرەڭگىلەرنى بىرنىڭ كەينىدىن بىرنى ياندۇرغانلىقى، ئاخىرىدا كوچىدىلا توڭلاپ ئۆلۈپ قالغانلىقى كونكرېت پاكىتلاردۇر. قىزچاق بۇ چاغدا نېمىلەرنى ئويلىدى؟ بۇنى ئېچىپ بېرىشتە ئاپتور مول تەسەۋۋۇرنى قانات يايدۇرغان:

بىرىنچى قېتىم بىر تال سەرەڭگىنى ياندۇرغاندا، ئۆزىنى گويا ئوتلىرى يالقۇنجاپ تۇرغان چويۇن مەش ئالدىدا ئولتۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ؛ ئىككىنچى سەرەڭگىنى ياندـ

دى .

2 ) ئۇ بىر باغلام سەرەڭگە ئىچىدىن بىر تالنى سۇغۇ-رۇۋېلىپ ، تامغا سۇركەپ ياندۇرۇپ ، قولىنى ئىسسىتىۋې-لىشقا جۈرئەت قىلالمىدۇ ؟ ئۇ ئاخىرى بىر تال سەرەڭگىنى سۇغۇرۇۋالدى .

3 ) ئۇ ئىككىيلەن پارلاق نۇر ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ئۇچۇپ كەتتى . ئېگىز ، ناھايىتىمۇ ئېگىز ئۇچۇپ ، زېمىس-تان سوغۇق ، ئاچ- زارلىق ۋە جاپا - مۇشەققەتلەر بولمىغان يەرگە كەتتى .

4 ) ھېچكىممۇ ئۇنىڭ شۇ قەدەر گۈزەل نەرسىلەرنى كۆرگەنلىكىنى ، مومىسى بىلەن بەختلىك ھالدا يېڭى يىل-نىڭ قۇتلۇق قوينىغا قەدەم قويغانلىقىنى بىلمەيتتى .

يەردە ئولتۇراتتى .

«ئۇ ئىسسىنىۋالاي دەپتىكەندە ...» دېيىشتى ئۇنى كۆرگەن كىشىلەر . لېكىن ، ھېچكىممۇ ئۇنىڭ شۇ قەدەر گۈزەل نەرسىلەرنى كۆرگەنلىكىنى ، مومىسى بىلەن بەختلىك ھالدا يېڭى يىلنىڭ قۇتلۇق قوينىغا قەدەم قويغانلىقىنى بىلمەيتتى .

## كۆنۈكمە

1 . تېكىستنى ئېچىنىڭلاردا ئوقۇپ چىقىپ ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار .

1 ) ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق ، قار يېغىۋاتقان ھەم قاراڭغۇ چۈشۈۋاتقان بولسىمۇ ، قىزچاق نېمە ئۈچۈن ئۆيىگە قايتالمايدۇ ؟

2 ) ئۇ بىرىنچى تال سەرەڭگىنى ياندۇرغاندا نېمىنى كۆرگەندەك بولدى ؟ ئىككىنچى ، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى تال سەرەڭگىلەرنى ياندۇرغاندىچۇ ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ھەممە سەرەڭگىنى بىراقلا ياندۇرۇۋەتتى ؟

3 ) يۇقىرىدىكى مەنزىرىلەرنى ئۇ راستتىنلا كۆردىمۇ ؟ نېمە ئۈچۈن ؟

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ۋە ئۇ جۈملىلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .


1 ) ئۇ ئۆيىدىن چىققاندا پۇتىغا بىر كەشنى سېپىۋالغانىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ نېمە رولى بولسۇن ؟ ئۇ ناھايىتى چوڭ كەش بولۇپ ، شۇ چاغقىچە ئانىسى كىيىپ كەلگەند-

ئۇ تامغا يەنە بىر تال سەرەڭگىنى سۈركىۋىدى ، بۇ قېتىم روشەن نۇر ئىچىدە ئۇنىڭ مومىسى ئاجايىپ ئىللىق ھەم مېھرىبان قىياپەتتە ئېنىق كۆرۈندى .

«موما ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى قىزچاق ، — ئاھ ! مېنى بىرگە ئالغاچ كەتسىڭىزچۇ ! ماڭا ئايان ، بۇ سەرەڭگە ئۆچۈش بىلەنلا سىزمۇ خۇددى ھېلىقى ئىسسىق مەشتەك ، ھىدى كېلىپ تۇرغان غاز كاۋىپىدەك ۋە كۆركەم مۇقەددەس ئارچىدەك غايىب بولىسىز !» ئۇ مومىسىنى ئېلىپ قالماقچى بولۇپ ، بىر باغلام سەرەڭگىنىڭ ھەممىسىنى ئالدىراپ - تېنەپ ياندۇردى . بۇ سەرەڭگىلەر كۈچلۈك نۇر چېچىپ ، كېچىنى خۇددى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتتى . مومىسى ئۇنىڭغا ئەزەلدىن ھازىرقىدەك مۇنداق چوڭ ۋە مۇنداق گۈزەل كۆرۈنگەن ئەمەس ئىدى ، ئۇنى مومىسى باغرىغا بېسىپ قۇچاقلىۋالدى ، ئۇ ئىككىيلەن پارلاق نۇر ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ئۇچۇپ كەتتى . ئېگىز ، ناھايىتىمۇ ئېگىز ئۇچۇپ ، زىمىستان سوغۇق ، ئاچ - زارلىق ۋە جاپا - مۇشەققەتلەر بولمىغان يەرگە — پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىغا كەتتى .

ئەتىسى — قاتتىق سوغۇق بولغان تاڭ سەھەردە بۇ نامرات ، جاپاكەش قىزچاق تامنىڭ بۇلۇڭىدا ئىككى مەڭزى قىزارغان ، لەۋلىرىدە كۈلۈمسىرەش قېتىپ قالغان ھالدا ئولتۇراتتى — ئۇ ئۆلۈپ قالغان ، كونا يىلنىڭ ئاخىرقى كېچىسى توڭلاپ قالغانىدى . يېڭى يىل قۇياشى ئۇنىڭ جەسىتىنى يورۇتۇپ تۇراتتى ! قىزچاق قولىدا كۆيۈپ بولغان سەرەڭگە قالدۇقلىرىنى سىقىملاپ تۇتقان ھالدا تېخىچىلا شۇ

چۈشى بىلەنلا ، بىر روھ پەرۋەردىگارنىڭ دەرگاھىغا كېتىد-
دۇ» دېگەنىدى .



غاز كاۋىپى قويۇلغان . تېخىمۇ قىزىقى شۇكى ، بۇ غاز تەخسىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ، دۈمبىسىگە پىچاق ھەم ۋىلكا سانجىلغان ھالدا پول ئۈستىدە ئىككى تەرىپىگە ئىرغاڭلاپ مېڭىپ ، ئۇدۇل بىچارە قىزچاققا قاراپ كېلىۋاتاتتى . شۇ چاغدا سەرەڭگە ئۆچۈپ قالدى ـ دە ، ئۇنىڭ كۆزىگە ھەم قېلىن ، ھەم سوغۇق تامدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى .

ئۇ يەنە بىر تال سەرەڭگىنى ياندۇردى . بۇ قېتىم ئۇ بىر تۈپ چىرايلىق ، مۇقەددەس نورۇز دەرىخى تۈۋىدە ئولتۇراتتى .

بۇ دەرەخ ئۇ بۇلتۇر مىلاد بايرىمىدا بىر باي سودىگەر ئائىلىسىنىڭ ئەينەكلىك ئىشىكىدىن كۆرگەن ھېلىقى بىر تۈپ ئارچا دەرىخىدىنمۇ چوڭ ھەم كۆركەم ئىدى . ياپيېشىل شاخلىرىدا نەچچە مىڭلىغان شاملار لاۋۇلداپ يېنىپ تۇراتتى . سودا دۇكانلىرىنىڭ دېرىزىلىرىگە ئېسىلغان رەڭلىك سۈرەتلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان سۈرەتلەر گويا ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى . بۇ قىزچاق سۈرەتلەرگە قولىنى سوزۇشى بىلەنلا سەرەڭگە يەنە ئۆچۈپ قالدى . پەقەت مىلاد بايرىمىدا يېقىلغان شاملارنىڭ نۇرلىرىلا بارغانچە يۇقىرى ئۆرلەپ ، ئەڭ ئاخىرىدا ئاسماندا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار - دەك بولۇپ قالدى . بۇ يۇلتۇزلاردىن بىرى توساتتىن ئاسمان بوشلۇقىنى بويلاپ ئىنتايىن ئۇزۇن ئوتلۇق ئىز ھاسىل قىلىپ ساقىپ كەتتى .

«يات ئارىدا قانداقتۇر بىر كىشى ئۆلىدىغان بولدى ـ دە » دەپ ئويلىدى قىزچاق ، چۈنكى ئۇنىڭ بىردىنبىر كۆ - يۈمچان مومىسى ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا : «بىر يۇلتۇز كۆ -

ئۇنىڭ كىچىككىنە قوللىرى مۇزلاپ قېتىپ قالاي دې-
دى . ئاھ ، بىرەر تال سەرەڭگە ئوتىمۇ ئۇنىڭ جېنىغا قانچى-
لىك ئەسقاتاتتى ـ ھە ! ئۇ بىر باغلام سەرەڭگە ئىچىدىن
بىر تالنى سۇغۇرۇۋېلىپ ، تامغا سۈركەپ ياندۇرۇپ ، قولى-
نى ئىسسىتىۋېلىشقا جۈرئەت قىلالامدۇ ؟ ئۇ ئاخىر بىر تال
سەرەڭگىنى سۇغۇرۇۋالدى ـ دە ، ۋىژژىدە قىلىپ ياندۇرۇ-
ۋىدى ، ئوت چاقناپ كەتتى ! نېمىدېگەن ئىسسىق ، نۇرلۇق
ئوت يالقۇنى ـ ھە ! ئۇ گويا شامغا ئوخشايتتى . قىزچاق
قولىنى ئوتقا قاقلىدى . ھەقىقەتەن بۇ غەلىتىلا بىر ئوت
يالقۇنى ئىدى ! قىزچاق ئۆزىنى گوياكى ئوتلىرى يالقۇنجاپ
تۇرغان چويۈن مەش ئالدىدا قوللىرىنى قاقلاپ ئولتۇرغاندەك
ھېس قىلاتتى ! مەشتىكى ئوتنىڭ يالت ـ يۇلت قىلىپ
نۇر چېچىپ ، گۇرۇلدەپ كۆيۈشىدىن ئاجايىپ راھەت ھېس
قىلاتتى . لېكىن ، نېمە بولغىنىكىن تاڭ ؟ ئۇ ئەمدىلا پۇتىنى
سوزۇپ ئىسسىتىۋالماقچى بولغىنىدا ، ئوت يالقۇنلىرى ئۆ-
چۈپ ، مەشمۇ كۆزدىن غايىب بولدى . ئۇ پەقەت بىر تال
كۆيۈپ بولغان سەرەڭگىنى تۇتقان ھالدا شۇ يەردىلا ئولتۇ-
راتتى .

ئۇ سەرەڭگىدىن يەنە بىر تالنى سۈركىدى ، سەرەڭگە
يېنىپ ، يورۇق نۇر چاچتى ۋە ئۇنىڭ شولىسى تامغا چۈ-
شۈپ ، تام يورۇپ خۇددى نېپىز ، سۈپسۈزۈك شايىدەك
بولۇپ قالدى ، ئۇ ئۆينىڭ ئىچىنى بىمالال كۆرەلىدى .
شىرەگە ئاپئاق قاردەك داستىخان سېلىنغان ، نەپىس چىنە-
تەخسىلەر قويۇلغان بولۇپ ، تەخسىگە ئالما ، كىشمىشلەر
سېلىپ پىشۇرۇلغان ، ئىسسىق ھورلىرى پۇرقىراپ تۇرغان

رەڭگە بولۇپ، قولىدىمۇ بىر باغلام سەرەڭگە تۇتۇۋالغاندى. بۈگۈن كۈن بويى ھېچكىممۇ ئۇنىڭدىن بىرەر تال سەرەڭگە سېتىۋالمىدى، ئۇنىڭغا ھېچكىممۇ بىر تىيىن پۇل بەرمىدى.

بىچارە قىزچاق!

ئۇ توڭلاپ تىترىگەن، ھەم ئاچ ھالدا ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈش ئىدى. قار ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭغا گۈزەللىك بېغىشلاپ يەلكىسىنى يېپىپ تۇرغان ئالتۇن رەڭلىك ئۇزۇن بۇدۇر چاچلىرىغا چۈشمەكتە. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكىنى يادىغا كەلتۈرمەيتتى. ھەممە دېرىزىلەردىن چىراغ نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى، كوچىلاردىن غاز كاۋىپىنىڭ خۇشبۇي ھىدى كېلەتتى[1]. دۇرۇس، بۇ مىلاد بايرىمىنىڭ ھارپا كېچىسى ئىدى. ئۇ بۇنى خىيالىغا كەلتۈردى.

ئۇ بىر ئۆينىڭ تېمىنىڭ بۇلۇڭىغا كېلىپ پۇتلىرىنى يىغىپ تۈگۈلۈپ ئولتۇردى، بىراق ئۇ تېخىمۇ مۇزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆيىگە قايتىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى، ئۇ بىر تالمۇ سەرەڭگە ساتالمىغان ۋە بىر تىيىنمۇ پۇل تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن، دادىسىنىڭ ئۇنى ئۇرۇشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيىمۇ كوچىغا ئوخشاشلا سوغۇق ئىدى. ئۆينىڭ تورۇسىدىكى يوغان يوچۇق پاخال ۋە ئەسكى لاتىلار بىلەن ئېتىپ قويۇلغان بولسىمۇ، يەنە شامال غۇرقىراپ كىرىپ تۇراتتى.

① دانىيىلىكلەر مىلاد بايرىمى ۋە ھارپا ئاخشىمى غاز كاۋىپىنى ئاساسلىق غىزا قىلىدۇ.

# 13 . سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق①

ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق ، قار ياغماقتا ھەم قاراڭغۇ چۈشمەكتە ئىدى . بۇ ، يىلنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كېچىسى — يېڭى يىل ھارپىسى ئىدى . ھەم سوغۇق ، ھەم قاراڭغۇ بۇ كېچىدە يالاڭۋاشتاق ، يالاڭ ئاياغ بىر قىزچاق كوچىدا كېتىپ باراتتى . ئۇ ئۆيىدىن چىققاندا پۇتىغا بىر كەشنى سېپىۋالغانىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ نېمە رولى بولسۇن؟ ئۇ ناھايىتى چوڭ كەش بولۇپ ، شۇ چاغقىچە ئانىسى كىيىپ كەلگەنىدى . قىزچاق يولدىن ئالدىراپ ـ تىنەپ ئۆتۈۋاتقاندا ، ئىككى ئات قېتىلغان پەيتۇننىڭ ئۇچقاندەك چېپىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە ، ئۆزىنى دەرھال چەتكە ئالدى ، كەشى بولسا چۈشۈپ قالدى . كەشنىڭ بىر پېيىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ تاپالمىدى ، يەنە بىر پېيىنى بىر بالا ئېلىۋېلىپ قېچىپ كەتتى . ئۇنىڭ گېپىگە قارىغاندا ، ئۇ ئۇنى كەلگۈسىدە بالىلىق بولغاندا بۆشۈك قىلغۇدەك !

ئەمدى قىزچاققا كىچىككىنە پۇتلىرى بىلەن يالاڭ ئاياغ يول يۈرۈشكە توغرا كەلدى . ئۇنىڭ پۇتلىرى سوغۇقتىن توڭلاپ ھەم قىزىرىپ ، ھەم كۆكىرىپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ كونىراپ كەتكەن يوپكىسىنىڭ ئېتىكىدە نۇرغۇنلىغان سە-

① دانىيىلىك مەشھۇر بالىلار چۆچەكى يازغۇچىسى ئاندىرسېن (1805 — 1875) نىڭ مەشھۇر ئەسىرى .

گەك قىلىشتىن ، ئۆگىنىشتىن ھەرگىز قاچما ، ھەرقانداق ئىشنى ئىخلاس بىلەن بېرىلىپ ئىشلە ، ھورۇنلۇقتىن يىراق بول ، تىرىشقىن ، — دەپ جاۋاب بەردى .

5 . گېزىت - ژۇرناللاردىن ئوقۇغان ئۆزۈڭلارغا ياردىغان لەتىپىدىن ئىككى - ئۈچنى يېزىپ كېلىڭلار .

نىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە سىڭىشتۇرۇپ كۆرۈڭلار . ناچار ئا-
دەتلىرىڭلار بولسا قانداق تۈزىتىدىغانلىقىڭلارنى يېزىپ كې-
لىڭلار .

## سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر

كۆز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە 80 ياشقا كىرگەن بىر بوۋاي ئىشىكى
ئالدىدا ئولتۇراتتى . قېرىلىقتىن ئۇنىڭ چاچ ــ ساقىلى قاردەك ئاقار-
غان بولسىمۇ ، چىرايى نۇرلۇق ، بەل ــ پۇت ۋە قوللىرى قۇۋۋەتلىك ،
ھەممە ئەزاسى سالامەت ئىدى . بوۋاينىڭ ئۇدۇلىدا ئۇنىڭ نەۋرە ،
چەۋرە ۋە ئەۋرىلىرى ئويىنىشىپ يۈرەتتى .

شۇ ۋاقىتتا بىر يىگىت كېلىپ بوۋايغا سالام بەردى ۋە ئۇنىڭ
ھال ــ ئەھۋالىنى سورىدى . بوۋاي بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ ،
ئۇنىڭدىن شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ ياش يىگىتلەردەك تېمەن ۋە قۇۋۋەتلىك
تۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى . بوۋاي ئۇ يىگىتكە :

— ئاتا ــ ئانام كىچىكىمدىن تارتىپ ھەر كۈنى سەھەردە تۇرغۇ-
زاتتى ، ئورنۇمدا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئېغىناپ يېتىشىمغا يول قويى-
مايتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ بىرەر ئىش بىلەن
مەشغۇل بولدۇم ، ئىش ۋە ئەمگەكتىن قاچمىدىم . ھەرقانداق ئىشنى
ئىخلاس بىلەن ئىشلىدىم ، چالا قويمىدىم . پۈتۈن ئۆمرۈمنى ئىش ۋە
ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزدۈم . ئەمگەك قىلغانسېرى تېنىم سالامەت بول-
دى . ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ، بىلمىگەنلىرىمنى ئۆگەندىم ، ئۆگەنگەنسې-
رى زېھنىم ئۆتكۈرلەشتى . بۇلار ماڭا ئۇزۇن ئۆمۈر ، سالامەتلىك ئاتا
قىلدى . ھازىر مەنمۇ باللىرىم ۋە نەۋرىلىرىمنى ئەمگەك قىلىشقا ،
ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىمەن . ئەگەر سەنمۇ مەندەك سالامەت بولۇپ ،
ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى ، زېھنىڭنى ئۆتكۈر قىلىشنى خالىساڭ ، ئەم-

△ ئەمگەكنىڭ نېنى تاتلىق ، ھۇرۇننىڭ جېنى تاتلىق .

△ بىلىمگە ئەگەشكەن ئۇزار ، ھۇرۇنغا ئەگەشكەن تۇزار .

△ بىلىمسىز نامراتلىقتىن يامان .

△ بىلىم ئىزدىنىشتىن ، بەخت كۆرەشتىن كېلىدۇ .

3 . تۆۋەندىكىلەرنى بىر تەرەپتىن ئوقۇپ ، بىر تەرەپتىن ئويلىنىڭلار ، قېنى كىم ھەم توغرا ، ھەم تېز جاۋاب بېرەلەيدىكىن ؟

1 ) بۇ دۇنيادا شۇنداق بىر نەرسە باركى ، ئۇنىڭدا ئۆي - ئىمارەتلىرى يوق شەھەرلەر ، سۇلىرى يوق دەريالار ۋە دەل - دەرەخلىرى يوق ئورمانلار تولۇپ ياتىدۇ . بىلەمسىز . ئۇ نېمە ؟

2 ) چوڭ - كىچىك ماشىنا ۋە تراكتور ، موتسىكلىتلاردىن چىقىدىغان بىر نەرسە باركى ، ئۇنى ھېچنېمىگە ئىشلەتكىلى بولمايدۇ ، ئەمما بۇ بولمىسا ، ماشىنا ، تراكتور ۋە موتسىكلىتلارنىڭ ھېچقايسىسى ماڭالمايدۇ . بۇ نېمە ؟

3 ) يورۇقلۇقتىن ھاسىل بولىدىغان قارا نەرسە نېمە ؟

4 ) قانداق چاغدا تور سومكىغا سۇنى قاچىلىغىلى بولىدۇ ؟

4 . تۆۋەندىكى «سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر» دېگەن ئىبرەتلىك ھېكايىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ ، بوۋاينىڭ سۆزىدىكى چوڭقۇر مەنىنى تولۇق چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە ئۆزۈڭلار-

قولىلىرىڭ بىجىرىم ئىكەن، بۇ بىر گۆھەر ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ. ئەخمەق يىگىت بۇنى چۈشەنمەي:

— بۇنى قانداقمۇ گۆھەر دېگىلى بولسۇن؟ — دەپ سوراپتۇ. دانىشمەن دەرھال:

— ئۇنداق بولسا، سەن ماڭا بىر قولۇڭنى كېسىپ بەرگىن، مىڭ تىللا بېرەي، بىر پۇتۇڭنى كېسىپ بەرگىن، ئىككى مىڭ تىللا بېرەي، بېشىڭنى كېسىپ بەرگىن، بەش مىڭ تىللا بېرەي، — دەپتۇ. يىگىت بۇنى ئاڭلاپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قاپتۇ ۋە:

— ياق، ياق، دۇنيادىكى ھەممە گۆھەرلەرنى بەرسىڭىزمۇ، بۇلارنى كېسىپ بەرمەيمەن، — دەپتۇ.

— ھەببەللى! — دەپتۇ دانىشمەن، — ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ. مانا مۇشۇ ئەزالىرىڭنىڭ ساق بولۇشى بىباھا گۆھەر، مۇشۇ گۆھەرلىرىڭنى ئىشقا سالساڭلا، ئۆمۈر بويى بەخت - سائادەت ئىچىدە ياشايسەن.

يىگىت بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئەقلىنى تېپىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ھېلىقى «گۆھەر»لىرىنى ئىشقا سېلىپ، ھالال يول تۇتۇپ ھۇزۇر- ھالاۋەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىپتۇ.

2. تۆۋەندىكى ماقال - تەمسىللەرنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى چوڭقۇر مەنىنى چۈشىنىۋېلىڭلار. ئۆزۈڭلار ئىلىم - پەن ئۆگىنىش ھەققىدە بەش ماقال - تەمسىل تېپىپ يېزىپ كېلىڭلار.

△ ساغلام تەندە، ساغلام ئەقىل.

△ كەمتەر بولساڭ ئۆسەرسەن، مەغرۇرلانساڭ چۈشەرسەن.

△ چىققىلى بولمايدىغان تاغ يوق، ئۆتكىلى بولمايدىغان دەريا.

## بەشىنچى مەشىق

1 . تۆۋەندىكى چۆچەكنى ئۇنلۇك ئوقۇپ ، مەزمۇننى چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە ئۇنى ئۆز سۆزۈڭلارغا ئايلاندۇرۇپ ، مېغىزلىق بايان قىلىپ بېرىڭلار . نېمىنىڭ گۆھەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋېلىڭلار .

### گۆھەر

بۇرۇن بۇرۇندىكەن ، تېرىق تۇلۇمدىكەن ، يېتىم بولۇڭدىكەن ، بىر يېزىدا بىر كەمبەغەل يىگىت بولغانىكەن . ئۇ يىل بويى ئىش قىلماي يېتىپ يەيدىكەن ، يەيدىغىنى تۈگەپ قالسا ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغىنىنى سېتىپ خەجلەيدىكەن . بارا ـ بارا ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان مال ـ مۈلۈكلەر تۈگەپتۇ . يىگىتنىڭ كۈن ئالمىقى تەس بوپتۇ . تولا خىيال سۈرۈپ بېشى پەس بوپتۇ . ئۇ دائىم : «بىرمۇنچە گۆھىرىم بولسا ، شۇنىڭ بىلەن ئۆمۈر بويى بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرسەم» دەپ ئويلاپتۇ .

بىر كۈنى ، ئۇ بىر دانىشمەنگە ئۇچراپتۇ ۋە دانىشمەندىن شۇنداق سوئال سوراپتۇ :

— ئەي دانىشمەن ئاتا ، دۇنيادا تۈگىمەس بايلىق — گۆھەر بارمۇ ؟ بولسا شۇنى تېپىۋالسام ، ئارمىنىمغا يېتەتتىم .

دانىشمەن يىگىتنىڭ تۇرقىغا سەپسېلىپ قاراپ :

— بار ، سېنىڭ تېنىڭ ساغلام ، بەش ئەزايىڭ ساق ، پۇت ـ

— ئۇنى ئۆلچەيدىغان تارازا نەدە ؟ — دەپ يەنە سوراپتۇ ھېلىقى كىشى .

ئەپەندىم جاۋاب بېرىپتۇ :

— ۋىجدانىڭىزدا .

## كۆنۈكمە

1 . «جەننەت توشۇپ كېتىپ …» ، «دادىڭىزنى دوراپسىز» دېگەن لەتىپىلەردە ئەپەندىمنىڭ پادىشاھنى قانداق ئۇستىلىق بىلەن ئەيىبلىگەنلىكىنى ھېس قىلدىڭىز ؟ سىز نەسرىدىن ئەپەندىمنىڭ مۇشۇنداق پاراستىنى ئىپادىلەيدىغان لەتىپىدىن بىرەرنى ساۋاقداشلىرىڭىزغا سۆزلەپ بېرەلەمسىز ؟

2 . «قارىغۇ ھاكىم» ، «ھەقىقەتنىڭ تارازىسى» دېگەن لەتىپىلەردىكى چوڭقۇر مەنىنى چۈشىنىپ ، ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق كېڭەيتىپ سۆزلەپ بېرىڭلار .

تۆرىسى تۆشۈك ، ئۇ نېمە ؟ — دەپ سوراپتۇ .
— هە ، بىلدىم ، — دەپتۇ شاھزادە ، — قولىڭىزدىكى تۈگمەن تېشى .
ئەپەندىم :
— ئەقلىڭىزگە بارىكاللا شاھزادە ، بەئەينى دادىڭىزنى دوراپسىز ، — دەپ چىقىپ كېتىپتۇ .

## قارىغۇ هاكىم

ئەپەندىمنىڭ ياش چېغىدىكى ئاغىنىلىرىدىن بىرى باشقا بىر شەھەرگە هاكىم بوپتۇ . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەپەندىم ئاغىنىسىنى يوقلىغىلى بېرىپتۇ . بىراق ، ئاغىنىسى ئەپەندىمنىڭ جۇل - جۇل كىيىملىك هالىنى كۆرۈپ ، تونۇماسقا سېلىپ :
— سىز كىم بولىسىز ، تونۇمىدىمغۇ ؟ — دەپتۇ .
— مەن سىزنىڭ ياش ۋاقتىڭىزدىكى ئاغىنىڭىز نەسىردىن ئەپەندىم بولىمەن . سىزنى هاكىملىققا ئۆسكەندىن كېيىن قارىغۇ بولۇپ قاپتۇ دەپ ئاڭلاپ يوقلاپ كېلىۋىدىم ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم .

## ھەقىقەتنىڭ تارازىسى

ئەپەندىمدىن ئۇنى تونۇيدىغان بىراۋ سوراپتۇ :
— دۇنيادا نېمىنىڭ سالمىقى ئېغىر ؟
— ھەق سۆزنىڭ ، — دەپتۇ ئەپەندىم .

— قازىئاخۇنۇم ، ئايالىمنىڭ گېپىگە كىرگىنىم ياخشىمۇ ، كىرمىگىنىم ياخشىمۇ ؟

— ئايالىڭىزنىڭ گېپىگە ھەرگىز كىرگۈچى بولماڭ ، — دەپتۇ قازى .

— بۇگۈن ئايالىم : «بورداۋاتقان ئىككى قوينىڭ بىرىنى قازىغا بېرەيلى» دېۋىدى ، خەيرىيەت ، ھېلىمۇ ياخشى ، گېپىگە كىرمەپتىمەن ، — دەپتۇ ئەپەندىم ۋە دەرھال كەينىگە ئۆرۈلۈپ مېڭىشقا تەمشىلىپتۇ . قازى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ :

— ئەپەندىم ، سەۋر قىلىڭ ، — دەپ ئەپەندىمنى توختىتىپتۇ ، — ئايالىنىڭ گېپىگە بەزىدە كىرىپ قويغانمۇ تۈزۈك !

## دادىڭىزنى دوراپسىز

پادىشاھ چوڭ مەدرىستە ئوقۇپ كەلگەن ئوغلىنى ئەپەندىمگە ماختاپ :

— شاھزادىمىز شۇنچىلىك كامالەتكە يەتتىكى ، كۆڭلۈڭگە پۈككەننىمۇ بىلەلەيدۇ ، — دەپتۇ .

ئەپەندىم :

— پادىشاھى ئالەم ، شاھزادىنى كۆڭۈلگە پۈككەندىن ئەمەس ، ئاۋۋال مۇشتۇمغا تۇگكەندىن بىر سىناپ كۆرەيلى ، — دەپ ئۇزۇكنى مەھكەم سىقىملاپ شاھزادىگە كۆرسىتىپتۇ .

— قېنى شاھزادەم ، قولۇمدىكى نېمە ؟

شاھزادە نېمىدېيىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ قاپتۇ .

ئەپەندىم :

— بەلگىسىنى ئېيتىپ بېرەي ، ئۆزى دۈگىلەك ، ئوت-

## *12 . نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى

### جەننەت توشۇپ كېتىپ ...

بىر كۈنى پادىشاھ ئەپەندىمدىن :

— ئەپەندىم ، مەن ئۆلگەندە جەننەتكە كىرىمەنمۇ ، دو-زاخقىمۇ ؟ قېنى ، بىر ئادىل باھا بېرىپ بېقىڭا ، — دەپ سوراپتۇ . ئەپەندىم ئەيمەنمەستىنلا :

— دوزاخقا كىرىدىلا تەقسىر ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . پادىشاھنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ، غەزەپتىن ساقاللىرى تىترەپ كېتىپتۇ ، بۇنى كۆرگەن ئەپەندىم :

— تەقسىر ، خاپا بولمىسىلا ، ئەسلىدىغۇ جەننەتكە كى-رىدىلا دېمەكچى ئىدىم . بىراق ، جاللاتلىرىنىڭ قىلىچى ئاستىدا ئۆلگەن بىگۇناھ كىشىلەر بىلەن جەننەت توشۇپ كەتكەن بولسا ، سىلىنى سىغماسمىكىن دەپ دوزاخ دەپتى-مەن ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

### ئايالنىڭ گېپى

قازى ھەر قېتىم ۋەز ئېيتقاندا : «ئاياللارنىڭ چېچى ئۇزۇن ، ئەقلى قىسقا ، ھەرگىز ئايالنىڭ گېپىگە كىرگۈچى بولماڭلار» دەپ نەسىھەت قىلىدىكەن . بىر كۈنى ئەپەندىم قازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سوراپتۇ :

ئورمانلىقلاردىكى جانىۋارلارنىڭمۇ بىز بىلمەيدىغان ھۈنەر-
لىرى بولسا تىرىشىپ ئۆگىنىڭلار. شۇنداق قىلساڭلار بۇ
دۇنيادا خار بولمايسىلەر.

2 ) كىم تەر تۆكمەي بىكار ياتسا، تەييارتاپلىقتا ئادەت-
لىنىپ قېلىپ خاراب بولىدۇ. بارغانسېرى ھورۇنلىشىپ
ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ، باشقىلاردىن كېيىن قالىدۇ.

3 ) سەن مېنى بۇ يەرگە پالىۋەتكەندىن كېيىن، مەن
روھىمنى چۈشۈرمەي ئىشلەۋەردىم، ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ
ئىش - ھۈنەرلىرىنى ئۆگەندىم. شۇنىڭ بىلەن كۈندىن -
كۈنگە كۈچلىنىپ مۇشۇنداق قەددى - قامەتكە ئىگە بولدۇم.
مەن ئورماندىكى دەرەخلەرنى ئادەملەرگە ئاپىرىپ بېرىمەن.
ئادەملەر بۇ دەرەخلەردىن چىرايلىق ئۆيلەرنى سالىدۇ. ئۈس-
تەل - ئورۇندۇقلارنى ياسايدۇ.

4 ) مەن قولىدىن ئىش كېلىدىغان ھايۋانلارنى ئۇستاز
تۇتۇپ، تىرىشىپ ئۆگەندىم. جاپاغا چىداپ ئەڭ ئېگىز
دەرەخلەرنىڭ ئۇچىدىكى يوپۇرماقلارنى ئۈزۈشنى مەشىق
قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن بويۇم ئۆسۈپ، مۇشۇنداق ئېگىز
بولۇپ قالدىم. مانا ئەمدى ھېچكىمنىڭ بويى يەتمەيدىغان
جايلاردىكى ئەڭ ياخشى يوپۇرماقلارنى ئالالايدىغان بولدۇم.

5 ) ئەمدى مەنمۇ باشقىلاردىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ،
جاپاغا چىداپ ئىشلەي، بولمىسا پۈتۈنلەي تۈگەشكۈدەكمەن!...

3 . بۇ چۆچەكتىن قانداق تەسىرات ئالغانلىقىڭلارنى
ئۆز ئەمەلىيىتىڭلارغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا يېزىپ كېلىڭ-
لار.

— ئىشلەيمەن ھەم ئۆگىنىمەن ! — دەپتۇ چۇمۇلە ۋە يەنە ئالدىراشلىق بىلەن ئۇزۇق يىغىشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ . شۇنىڭدىن تارتىپ چۇمۇلىنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆتكەنكى ساۋاقلارنى يادىدا چىڭ ساقلاپ ، غەيرەت بىلەن ئىشلەپ ئىشچانلىقتا داڭق چىقىرىپتۇ .

## كۆنۈكمە

1 . بۇ چۆچەكتىكى ۋەقەلەر باشتىن - ئاخىر چۇمۇلىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلغان . چۆچەكنى ئەستايىدىل ئوقۇپ ، تۆۋەندىكى تېزىس بويىچە سۆزلەپ ، ئاساسىي مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىڭلار .

1 ) چۇمۇلىنىڭ پادىشاھلىق مەزگىلىدىكى دانالىقى ؛
2 ) ياخشى - يامانىنى پەرق ئەتمەي بىخۇدلىشىشى ؛
3 ) پىل ۋە زىراپىنى جازالىشى ؛
4 ) مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشى ۋە سەۋەبى ؛
5 ) تۈلكىنىڭ يۈز ئۆرۈشى ؛
6 ) پىل ۋە زىراپە بىلەن قايتا ئۇچرىشىشى ؛
7 ) چۇمۇلىنىڭ پۇشايمىنى ؛
8 ) قەتئىي ئىرادىگە كېلىشى ۋە داڭق چىقىرىشى .

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، قايسى ھايۋانلارنىڭ گېپى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار ۋە ئۆز چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار .

1 ) بۇ دۇنيادا ئەركىن ياشايمەن ، بەختلىك بولىمەن دېسەڭلار ئورماندىكى بارلىق جانىۋارلار داۋاملىق ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈڭلار . بىر - بىرىڭلاردىن ئۆگىنىڭلار . باشقا

چۈمۆلە تەنھا ئۆزى داق يەردە ئولتۇرۇپ قاتتىق يىغلاپ-
تۇ . بىھۇدە ئۆتكەن ئۆمرىگە پۇشايمان قىپتۇ . ئاندىن ئۇ
چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ ، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى
ئۇزاق ئويلاپتۇ . ئويلاپ - ئويلاپ ئاخىر ئورنىدىن دەس
تۇرۇپتۇ ۋە : «مەنمۇ پىل بىلەن زىراپىگە ئوخشاش بولۇشۇم
كېرەك ! — دەپتۇ ئۇ ، — ئەمدى مەنمۇ تىرىشىپ باشقىلار-
دىن ئۆگىنىپ ، جاپاغا چىداپ ئىشلەي ، بولمىسا پۈتۈنلەي
تۈگەشكۈدەكمەن ! ... »

چۈمۆلە شۇنداق دەپتۇ - دە ، غەيرەتكە كېلىپ ، بېلىنى
چىڭ باغلاپتۇ . شۇنداق چىڭ باغلاپتۇكى ، ئۇنىڭ بېلى ھا-
زىرقىدەك ئىنچىكە بولۇپ قاپتۇ . ئاندىن ئۇ قەتئىيلىك
بىلەن ئىشنى باشلىۋېتىپتۇ . ئالدى بىلەن يەرنى كولاپ ،
ئۆزىگە ئۇۋا ياساپتۇ . كېيىن ، ھەر تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ
ئوزۇق يىغىپتۇ . يەنە ئالدىراشلىق بىلەن ھەر خىل ھايۋان
ۋە قۇشلارنىڭ تۇرار جايلىرىغا بېرىپ ، ئۇلارنىڭ ھۈنەرلى-
رىنى ئۆگىنىپتۇ . ئۆگەنگەنلىرىنى دەرھال ئىشلىتىپ ، ئۇ-
ۋىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ، تېخىمۇ ياخشى قىلىپ ياساپتۇ .
تاپقان - تەرگىنىنى ئۇۋىسىغا ئەكىرىپ جۇغلاپتۇ .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پىل بىلەن زىراپە چۈمۆلىنى يوقلاپ
كەپتۇ . ئۇلار چۈمۆلىنىڭ تەرلەپ - پىشىپ ئىشلەۋاتقانلى-
قىنى كۆرۈپ خۇشال بوپتۇ .

— يارايسەن چۈمۆلە ! — دەپتۇ ئۇلار ، — بۇنىڭدىن
كېيىن داۋاملىق مۇشۇنداق غەيرەتلىك بولساڭلا كەلگۈسىدە
چوقۇم بۇرۇنقىدەك زور ھەم كۈچلۈك بولالايسەن ، ھارماي
ئىشلەۋەر !

قارىسا ، يېقىنلا بىر يەردە زىراپە ئوتلاپ يۈرگۈدەك . «ھە ، مەن زىراپىنى پالىۋەتكەن قارا تاغ دېگەن يەر مۇشۇ ئىكەن-دە» دەپ ئويلاپتۇ چۈمۈلە .

— ماڭا قارىغىنا ، زىراپە ، — دەپتۇ ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماستىن ، — بويۇڭ نېمىدېگەن ئۆسۈپ كەتكەن ! سەن قانداق قىلىپ شۇنچە ئېگىزلەپ كەتتىڭ ؟

زىراپە بۇ چاغدا بىر توپ كېپىنەك ۋە جەرەنلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ، ئۇلارغا دەرەخلەرنىڭ ئۈچىدىكى ئەڭ مەززىلىك يوپۇرماقلارنى ئۈزۈپ بېرىۋاتقانىكەن . چۈمۈلىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ ئۇزۇن بوينىنى پەسكە سوزۇپ قاراپتۇ :

— ۋاي ، سەن چۈمۈلە ئىكەنسەنغۇ ، — دەپتۇ ئۇ ، — نېمانچە كىچىكلەپ كەتتىڭ ؟ سەن مېنى مۇشۇ يەرگە پالىۋەتكەندىن كېيىن مەن قولىدىن ئىش كېلىدىغان ھايۋانلارنى ئۇستاز تۇتۇپ ، تىرىشىپ ئۆگەندىم . جاپاغا چىداپ ئەڭ ئېگىز دەرەخلەرنىڭ ئۈچىدىكى يوپۇرماقلارنى ئۈزۈشنى مەشىق قىلدىم . شۇنىڭ بىلەن بويۇم ئۆسۈپ ، مۇشۇنداق ئېگىز بولۇپ قالدىم . مانا ئەمدى ھېچكىمنىڭ بويى يەتمەيدىغان جايلاردىكى ئەڭ ياخشى يوپۇرماقلارنى ئالالايدىغان بولدۇم .

چۈمۈلە خىجىل بولۇپ ، ئۇنىڭ يېنىدىنمۇ كېتىپتۇ . يايلاقلارنى كېزىپ ، ئورمانلارنى ئارىلاپتۇ . بىرەر ھايۋان ياكى بىرەر قۇشمۇ ئۇنىڭغا قاراپ قويماپتۇ . بارلىق جانىۋارلار قاچاندۇر بىر چاغلاردا چۈمۈلە ئىسىملىك بىر زور مەخلۇقنىڭ بولغانلىقىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كېتىشكەنىكەن .

ئۇچۇرتۇپ ئەكىتىپتۇ . ئۇ بوران توختىغاندا ، باشقا بىر ئورمانلىققا چۈشۈپ قاپتۇ . «بۇ ھېلىقى ئاق تاغ دېگەن يەر ئەمەسمۇ ؟ — دەپ ئويلاپتۇ چۈمۈلە ، — مەن بۇ يەرگە پىلنى پالىۋەتكەندىمغۇ » . دەرۋەقە ، دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن پىل چىقىپ كەپتۇ . پىل چۈمۈلىنى كۆرمەستىن ، ھەدەپ يوغان دەرەخلەرنى ئۆرۈۋاتقۇدەك ، چۈمۈلە ئۇنىڭغا قاراپ ئىنتايىن ئەجەبلىنىپتۇ .

— ھەي پىل ، — دەپ ۋارقىراپتۇ ئۇ ، — سەن نېمانچە چوڭچىيىپ كەتتىڭ ! ئۇ دەرەخلەرنى ئۆرۈپ نېمە قىلىسەن ؟

پىل چۈمۈلىنىڭ بۇنچە كىچىكلەپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا ئىچىنغان ھالدا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپتۇ :

— سېنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىڭنى بىلگەنىدىم ، — دەپتۇ پىل ، — سەن مېنى بۇ يەرگە پالىۋەتكەندىن كېيىن مەن روھىمنى چۈشۈرمەي ئىشلەۋەردىم ، ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ ئىش - ھۈنەرلىرىنى ئۆگەندىم . شۇنىڭ بىلەن كۈندىن - كۈنگە كۈچلىنىپ ، مۇشۇنداق قەددى - قامەتكە ئىگە بولدۇم . مەن ئورماندىكى دەرەخلەرنى ئادەملەرگە ئاپىرىپ بېرىمەن . ئادەملەر بۇ دەرەخلەردىن چىرايلىق ئۆيلەرنى سالىدۇ ، ئۈستەل - ئورۇندۇقلارنى ياسايدۇ .

چۈمۈلە پىلنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ، ئۆزىنىڭ ھۇرۇن ۋە ئاجىزلىقىدىن خىجىل بوپتۇ ، شۇڭا گەپ قىلماستىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كېتىپ قاپتۇ . بۇ چاغدا يەنە بوران چىقىپ ، چۈمۈلىنى ئۇچۇرتۇپ كېتىپتۇ . چۈمۈلە ئۇچۇپ - ئۇچۇپ يەنە باشقا بىر يەرگە چۈشۈپ قاپتۇ .

چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا ھەرگىزمۇ كۆرگىلى بولمايدىكەن. چۈمۈلە ئۆزىنىڭ بۇنداق كىچىك بىچارە بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن قاتتىق يىغلاپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ يىغىسىنىمۇ ھېچكىم ئاڭلىماپتۇ.

ئۇشتۇمتۇت چۈمۈلە تۈلكىنى كۆرۈپ قاپتۇ. تۈلكە ئۆزىنىڭ كونا ئادىتى بويىچە يالغۇز قالغان بۆجەنلەرنى تۇتۇپ يېيىش ئۈچۈن تىمىسقىلاپ يۈرگەنىكەن. چۈمۈلە «بۇمۇ مېنى كۆرمەي ئۆتۈپ كەتمىسۇن» دەپ تۈلكىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر سىلىق تاشقا چىقىپتۇ ـ دە:

— ھەي جېنىم تۈلكە، مېنىڭ سادىق ۋەزىرىم! — دەپ چاقىرىپتۇ، — مېنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ مەن چۈمۈلە پادىشاھ ئەمەسمۇ!

تۈلكە كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، چۈمۈلىنى ئاران كۆرۈپتۇ ـ دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.

— ۋاي بىچارە چۈپرەندە، — دەپتۇ ئۇ چۈمۈلىنى مازاق قىلىپ، — سەن تېخىچە ئۆزۈڭنى قالتىس چاغلاپ يۈرەمسەن؟ بىلىپ قوي، مەن سېنىڭدىن پايدىلىنىپ بولدۇم، ئەمدى ماڭا كېرىكىڭ يوق، يوقال كۆزۈمدىن!

مەككار تۈلكە شۇ گەپ بىلەن قۇيرۇقىنى بىر شىلتىپلا چۈمۈلىنى تاش ئۈستىدىن سۈرۈپ چۈشۈرۈۋېتىپ، كېتىپ قاپتۇ.

چۈمۈلە نەگە بېرىشىنى بىلمەي تېڭىرقاپ ياتقاندا ئۇشتۇمتۇت قاتتىق بوران چىقىپتۇ. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بۇنداق بورانلار چۈمۈلىنىڭ بىر تال مويىنىمۇ تەۋرىتەلمەيدىكەن. لېكىن، ھازىر قارا بوران كىچىككىنە چۈمۈلىنى

مان ئىچىنى ، ئويمان ـ دۆڭلەرنى ، غار ۋە ئۆڭكۈرلەرنى قويماي ئاختۇرۇپتۇ . ھەرقانچە ئىزدەپمۇ چۈمۈلىنى تاپالماپتۇ . قىزىق ئىش ! شۇنچە يوغان ، ھەيۋەتلىك چۈمۈلە پادىشاھقا نېمە بولغاندۇ ؟ ئۇ نەگە كەتكەندۇ ؟ ...

بۇ چاغدا چۈمۈلە ئۆزىنىڭ كىچىكلەپ كەتكىنىنى تۇيماي چوڭقۇر كولانغان لەخمە ئىچىدە تېخىچە بەخىرامان ئۇخلاپ ياتقانىكەن . قانچىلىك ۋاقىت ئۇخلىدىكىن ، ئىشقىلىپ بىر چاغدا قورسىقى ئېچىپ ئويغىنىپتۇ . قارىسا يېنىدا تۈلكە يوق . تۇرغۇسى كەلمەي ئۇياققا ئۆرۈلۈپ ، بۇياققا ئۆرۈلۈپ يەنە ئۇخلاپ قاپتۇ . خېلى ئۇزاقتىن كېيىن يەنە ئويغىنىپتۇ . ئۈچەيلىرى تارتىشىپ ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپتۇ . تۈلكىنىڭ تېخىچە غىزا ئېلىپ كەلمىگەنلىكىدىن رەنجىپتۇ . ئاخىرى مىڭ تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپتۇ . ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە ، ئەتراپقا قاراپ ھەيران قاپتۇ : «بۇ لەخمە ئەسلىدە بۇنداق ئەمەس ئىدىغۇ ! ئۆرە تۇرسام بېشىم تورۇسقا تاقىشاي دەپ قالاتتى ... » چۈمۈلە يۇقىرىغا قارىسا تورۇس خۇددى بۇلۇتلۇق تۈندىكى قاپقارا ئاسماندەك ئېگىز كۆرۈنۈپتۇ .

چۈمۈلە ئۇيۇشۇپ كەتكەن پۇتلىرىنى ئاران سۆرەپ تاشقىرىغا چىقىپ ، تېخىمۇ ئەجەبلىنىپتۇ . چۈنكى ، دەرەخلەر بۇرۇنقىدىن ئېگىزلەپ كەتكەن بولۇپ ، كۆكتاتلارمۇ ئاجايىپ يوغىناپ كەتكەنىكەن ، چۈمۈلە ئۇلارغا ھەدەپ قارىغۇدەك ، ئەمما جانىۋارلارنىڭ بىرىمۇ چۈمۈلىنى كۆرمىگۈدەك . چۈنكى ، چۈمۈلە بۇرۇنقى ھالىتىنى يوقىتىپ ، قۇرت ـ قوڭغۇزلاردىنمۇ كىچىك بولۇپ قالغانىكەن . ئۇنى ئوت ـ

يۈز ئۆرۈپسىلەر ، باشقىلارنى بىزدىن ياخشى دېدىڭلار ، مەن
سىلەرنى جازالايمەن !

شۇنىڭ بىلەن چۇمۇلە ئۆزىگە ئەڭ سادىق پىلنى ئاق
تاغقا ، ئۆزىگە ئەڭ كۆيۈنىدىغان زىراپىنى قارا تاغقا پالىۋې-
تىپتۇ .

ئارىدىن ئۇزاق زامانلار ئۆتۈپتۇ . چۇمۇلە كېچە - كۈن-
دۈز ئوردىسىدىن چىقمايدىكەن . ھىيلىگەر تۈلكە بولسا
كۈندۈزلىرى توشقان قوغلاش ، كېچىلىرى توخۇ ئوغرىلاش
جاپاسىدىن قۇتۇلۇپ چۇمۇلىنىڭ پۈتۈن بايلىقىغا ئىگە بولۇ-
ۋاپتۇ . ئۇ ھەر كۈنى چۇمۇلىنى ئالداپ - سىلاپ ئۇخلىتىپ
قويىدىكەن - دە ، ئورمانلىققا كىرىپ ، ھايۋانلار بىلەن
قۇشلارنى بوزەك قىلىدىكەن ، ئۇلارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى
تارتىۋالىدىكەن .

جانىۋارلار چۇمۇلە پادىشاھنى بۇرۇنقىدەك ياخشى كۆر-
مەيدىغان ۋە ھۆرمەتلىمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ . ئۇلار تۈلكى-
دىن قۇتۇلالماي يىغلاپتۇ ، قاخشاپتۇ . «تۈلكىدەك قارا نى-
يەت مەخلۇقنى بېشىمىزغا چىقىرىپ قويدى» دەپ چۇمۇلى-
نى قارغاپتۇ . شۇ چاغدا بىر مۆجىزە يۈز بېرىپتۇ . جانىۋار-
لار چۇمۇلىنى قارغىغانسېرى چۇمۇلە كىچىكلەشكە باشلاپ-
تۇ . ئۇ كىچىكلەپ - كىچىكلەپ ئاخىرى ھازىرقىدەك كى-
چىككىنە بىر جانلىققا ئايلىنىپ قاپتۇ . جانىۋارلارنىڭ
سەۋر - تاقىتى تۈگەپ ، غەزەپ بىلەن ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ -
دە ، تۈلكىنىڭ ئەدىپىنى راسا بېرىپتۇ .

ئاندىن چوڭ - كىچىك جانىۋارلار بىرلىكتە چۇمۇلىگە
ھەقىقەتنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇشۇپتۇ . بىراق ، ئۇلار ئور-

بىر كۈنى ئەمگەكچان پىل بىلەن ئاق كۆڭۈل زىراپە چۈمۈلىنى يوقلاپ كەپتۇ . ئۇلار قات - قات كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدە ئېغىناپ ياتقان چۈمۈلىنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن هالدا نەسىهەت قىلىپتۇ :

— بۇنداق يېتىۋەرسىلە ، سالامەتلىكلىرىگە زىيان يېتىدۇ ، پادىشاهىم ، — دەپتۇ پىل .

— بۇرۇنقىدەك تالا - تۈزگە چىقىپ ، جاهاندا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغانلىرى ياخشى ئىدى ، — دەپتۇ زىراپە .

چۈمۈلە كېرىلىپ ئەسنەپتۇ ۋە خۇش ياقمىغان ئاهاڭدا سۆزلەپتۇ :

— تۈلكىجان هەممە ئىشىمنى پۈتتۈرۈپ بېرىۋاتسا ، ئۇخلىماي ، ياتماي نېمە قىلىمەن ؟ جاهاندا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەر تېپىشىمنىڭ هاجىتى يوق . بەربىر هېچكىم ماڭا يېتەلمەيدىغۇ !

چۈمۈلە شۇنداق دەپتۇ - دە ، يەنە يېتىۋاپتۇ .

— ئۇنداق ئەمەس ، هازىر جاهاندا نۇرغۇن يېڭىلىقلار بولۇۋاتىدۇ ، — دەپتۇ پىل .

— باشقا ئورمانلىقلاردىكى جانلىقلار بىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ . ئۇلار بىز قىلالمايدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ ، — دەپتۇ زىراپە .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ چۈمۈلىنىڭ غەزىپى قايناپ ، ياتقان يېرىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ .

— هەي قارا نىيەت مۇناپىقلار ! — دەپ ۋارقىراپتۇ ئۇ پىل بىلەن زىراپىگە قولىنى شىلتىپ ، — سىلەر مەندىن

— بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ ، — دەپتۇ چۇمۇلە ، — كىم تەر تۆكمەي بىكار ياتسا ، تەييارتاپلىققا ئادەتلىنىپ قېلىپ خاراب بولىدۇ ، بارغانسېرى ھورۇنلىشىپ ، ئاجىز-لىشىپ كېتىدۇ ، باشقىلاردىن كېيىن قالىدۇ .

تۇلكە نايناقلاپ كېلىپ ، چۇمۇلىنىڭ قولىلىرىنى سىلاپ ، پۇتلىرىنى سۆيۈپتۇ ھەم :

— سىلى باتۇر پادىشاھ . پۇقرا تۇرغان يەردە پادىشاھ ئىشلىسە قانداق بولغىنى ؟ سىلى بولغاچقا بىزنىڭ قورسىقىمىز توق . غېمىمىز يوق . خاتىرجەم يېتىۋەرسىلە . بىز سىلىنى ئاسرىمىساق بولمايدۇ ئالىيلىرى ! — دەپتۇ .

تۈلكە شۇنداق دېگەچ ، ئۆزى كۆتۈرۈپ كەلگەن يوغان داستىخىنىنى ئېچىپ ، ئۇنىڭدىكى ئېسىل تاماقلارنى چۇمۇلىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ . ئاچ كۆڭۈل چۇمۇلە تۇلكىنى رەنجىپ قالمىسۇن ، دەپ بۇ تاماقلارغا ئېغىز تېگىپتۇ . . .

شۇنداق قىلىپ تۇلكە ھەر كۈنى چۇمۇلىگە تاماق توشۇيدىغان ، چۇمۇلىگىمۇ بۇ تاماقلار تاتلىق تېتىيدىغان بولۇپ قاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن چۇمۇلە تۇلكىنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىۋاپتۇ . تۇلكە ھەمىشە چۇمۇلىگە خۇشامەت قىلىپ :

— سىلى غەم قىلماي يېتىۋەرسىلە ، ئىش - پىشلارنى مەن جايى - جايىدا قىلىۋېتىمەن ••• — دەيدىكەن .

چۇمۇلە كېيىنچە تالا - تۇزگىمۇ چىقمايدىغان ، باشقا ھايۋانلار بىلەنمۇ ئۇچراشمايدىغان بولۇپ قاپتۇ . ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە تۇلكىنىڭ شېرىن - شېكەر سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ، «دۇنيادا مەن ئەڭ نوچى ، ھېچقانداق جانىۋار ماڭا يېتەلمەيدۇ !» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ ياتىدىكەن

— بۇ دۇنيادا ئەركىن ياشايمەن ، بەختلىك بولىمەن دېسەڭلار ئورماندىكى بارلىق جانىۋارلار داۋاملىق ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈڭلار . بىر - بىرىڭلاردىن ئۆگىنىڭلار ، باشقا ئورمانلىقلاردىكى جانىۋارلارنىڭمۇ بىز بىلمەيدىغان ھۈنەر-لىرى بولسا ، تىرىشىپ ئۆگىنىۋېلىڭلار ، شۇنداق قىلساڭلار بۇ دۇنيادا خار بولمايسىلەر .

چۇمۇلە پادىشاھنىڭ بۇ گېپى بىلەن بارلىق ئۇچار قۇشلار ، ھايۋانلار ھارماي - تالماي ئىشلەيدىكەن ، يىراق-يېقىندىكى باشقا ئورمانلىقلارغا بېرىپ ، ئۇ يەرلەردىكى ھاي-ۋانلارنىڭ ۋە قۇشلارنىڭ ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىدىكەن .

ئۇزاق ئۆتمەي چۇمۇلە پادىشاھنىڭ ئورمانلىقىدا ئاجا-يىپ يېڭىلىقلار بارلىققا كەپتۇ . بۇركۇت ۋە قۇرغۇيلار تې-خىمۇ ئېگىز ئۇچۇشنى ، ئارقار ، بۇغىلار تىك تاغ چوققىلى-رىغا چىقىشنى ، جەرەن ۋە بۆكەنلەر ئېدىرلاردا ئۇچقاندەك تېز يۇگۇرۇشنى ئۆگىنىۋاپتۇ .

شۇنداق كۇنلەرنىڭ بىرىدە بىر قارا نىيەت ھىيلىگەر تۈلكە چۇمۇلە پادىشاھنى ئىزدەپ كەپتۇ . ئۇ ، چۇمۇلە پادى-شاھقا ئەركىلەپ ، قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ ، ناھايىتى يې-قىملىق ئاۋازدا مۇنداق دەپتۇ :

— چۇمۇلە ئالىيلىرى ، سىلى بىزنىڭ پادىشاھىمىز ، سىلىنىڭ قوللىرىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ . سىلى بۇ دۇن-يادا ئەڭ ئەقىللىق ، ئەڭ قابىلىيەتلىك پادىشاھ . شۇڭا ، ئۆزلىرىنىڭ تاغ - داۋانلارغا چىقىپ ئەمگەك قىلىشلىرى ھاجەتسىز . ئېغىر - يېنىك ئىشلىرى بولسا مانا بىز تەييار . سىلى ئۆيدە يېتىپ پەرمان بەرسىلە بولدى ...

# 11 . چۈمۈلە

ناھايىتى ئۇزاق يىللار ئىلگىرى ، شۇنداق زامان بوپتىكەن ، رىۋايەتتە قاپتىكەن . بۆرە ، تۈلكە ، ئېيىقلار ، كەپتەر ، پاختەك ، توشقانلار ، ئۇچار قانات جانىۋارلار ھەممىسى بىر ئورماندا ئىناق بولۇپ ياشايدىكەن . ئاشۇ ئورماندىكى بارلىق ھايۋان ۋە قۇشلارغا چۈمۈلە پادىشاھ بولغانىدىكەن .

ئۇ زامانلاردا چۈمۈلە ھەتتا كەركىدان ۋە پىلدىنمۇ يوغان ھەم كۈچلۈك ، ھەرقانداق ئىش ـ ھۈنەرنىڭ ئۇستىسى ئىكەن . ئېيىقلارغا ئۇۋا تاللاشنى ، قۇشقاچلارغا چاڭگا سېلىشنى ئۆگىتىدىكەن . ھايۋانلار چۈمۈلىدىن ئۆگىنىپ ياسىۋالغان كۆركەم ۋە پۇختا ئۇۋىلىرىدا خاتىرجەم كۈن ئۆتكۈزىدىكەن . چۈمۈلە تېبابەتچىلىكتىمۇ كامالەتكە يەتكەنىكەن . ئۇ يارىلانغان ۋە ئاغرىپ قالغان بارلىق ھايۋانلارنى داۋالايدىكەن ، ئوت ـ چۆپلەردىن دورا ياساپ ، ئۇلارغا ئىچۈرىدىكەن ، ئۇ يەنە كەكلىكلەرگە دان تېپىشنى ، مايمۇنلارغا غىزا پىشۇرۇشنى ، بۇلبۇللارغا ناخشا ئېيتىشنى ، شىر ، يولۋاسلارغا جەڭ قىلىشنى ئۆگىتىدىكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار چۈمۈلىنىڭ گېپىدىن زادى چىقمايدىكەن .

چۈمۈلە پادىشاھ دائىم ھايۋانلار بىلەن قۇشلارغا تەلىم بېرىپ ، مۇنداق دەيدىكەن :

نىڭ گەپدانلىقىغا ئىشىنىپ باشقىلارغا ئەدەپسىزلىك قىلاتتى بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئۇ ئۆينىڭ ئالدىدا نان يەپ تۇرغىنىدا ئىشەك مىنگەن بىر بوۋاي ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى زورىدىن سۆزمەنلىك قىلىپ ئۇنىڭغا

هەي ناندىن ئازراق يەۋېلىڭ دېدى بوۋاي ئىشەكتىن ئىتتىك چۈشۈپ

رەھمەت سىزگە مەن بايىلا تاماق يېگەنتىم دېدى زورىدىن چىرايىنى ئۆزگەرتمەي

مەن سىزگە دېمىدىم ئىشىكىڭىزگە دېدىم دەپ كۆرەڭلەپ كۈلۈپ كەتتى بوۋاي شۇ هامان مەقسەتنى چۈشەندى دە شارتتىدە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ئىشەكنىڭ يۈزىگە ئىككى قامچا سالدى ۋە

ماڭىدىغان چاغدا شەھەردە ئاغىنىلىرىڭ بارمۇ دېسەم يوق دەيسەن ئاغىنەڭ بار ئىكەنغۇ بولمىسا سېنى نان يېيىشكە تەكلىپ قىلاتتىمۇ دېدى دە ئىشەككە مىنىپ كېتىپ قالدى .

گەرچە قامچا ئىشەكنىڭ يۈزىگە تەگكەن بولسىمۇ زورىدىننىڭ يۈزى ئوتتەك قىزىرىپ كەتتى .

3 . بىرەر مەنزىرە ياكى بىرەر شەيئىنى تەسۋىرلەپ بىر پارچە ئەسەر يېزىڭلار ، ئۇنىڭدا مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەنگەن بولسۇن ، شۇنداقلا بۇ مەنزىرە ياكى بۇ شەيئىنى كۆرگەندىن كېيىن شۇ ئارقىلىق ئويلىغان تەسەۋۋۇرۇڭلار ئېنىق يېزىلغان بولسۇن .

4 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىڭلار ۋە مەنىلىرىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

تېز — تېيىز　　　سورۇن — سۆرۈن
كاھىش — كايىش　　　سىزىش — سېزىش
ئىسپىرايكا — ئىسكىرىپكا

خېلى يىللار ئىلگىرى ، بۇ ئەتراپتىكى چۇغلۇقلارنىڭ ھەممىسى ئاپئاق بولۇپ ، خۇددى ئاق مەرمەردەك سۈزۈك ئېچىلىدىكەن ، قىزىل ئارمىيە بۇ يەردىن ئۆتكەن چاغدا ، پومېشچىكلار تەشكىللىگەن قوراللىق كۈچلەر بىلەن قانلىق جەڭ ئېلىپ بېرىپ ، دۈشمەننى كۆپلەپ يوقىتىپتۇ . قىزىل ئارمىيىنىڭ بىر شەپقەت ھەمشىرىسى شۇ قېتىملىق جەڭدە قاتتىق يارىلىنىپتۇ . قىزىل ئارمىيە داۋاملىق شىمالغا ئىلگىرىلەۋاتقاچقا ، بۇ قىزنى يەرلىك دېھقانلارنىڭ غەمخورلۇق قىلىشىغا تاپشۇرۇپ قويۇپتۇ . دېھقانلار ئۇنى ئەتراپتىكى بىر غارغا يوشۇرۇپ كۈتۈپتۇ . كېيىنچە ، دۈشمەنلەر يەرگە تامچىلىغان قان ئىزىغا قاراپ ، قىزىل ئارمىيىنىڭ بۇ قەھرىمان ئايال جەڭچىسىنى تۇتۇۋاپتۇ . ۋەھشىي دۈشمەن قىزنى باغلاپ ، يېزىمۇيېزا ، تاغمۇتاغ سازايى قىلىپتۇ ، ئۇنىڭدىن تامچىلاپ ئاققان قان پۈتكۈل يەرنى قاپلاپتۇ .

كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا ، بۇ يەردىكى تاغ باغرىدا قىپقىزىل چۇغلۇقلار ئېچىلىپ كېتىپتۇ . كىشىلەر ئۇنى قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاشۇ ئايال جەڭچىسىنىڭ قېنىدىن رەڭ ئالغان دېيىشىپتۇ .

مەن چۇغلۇق ھەققىدىكى بۇ ھېكايىنى ئوقۇغۇچىلىرىمغا ئېيتىپ بەردىم . بالىلارنىڭ كۆز چاناقلىرى لىپپىدە ياشقا تولدى ۋە كۈمۈشتەك يالتىراق ياش ئۇنچىلىرى شامالدا يېنىك يەلپۈنۈۋاتقان ئوتقاشتەك گۈلىستۇكلارغا تاراملاپ تۆكۈلدى ...

مەن ئۇلارغا قاراپ ، ئىچىمدە ئاھ ، ۋەتىنىمنىڭ غۇنچىلىرى ، سىلەرمۇ كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىپ ، قىپقىزىل خۇش پۇراق گۈللەرگە ئايلىنىسىلەر ، دەپ ئۇلارغا بەخت تىلىدىم .

2 . تۆۋەندىكى پارچىنى ئاۋۋال ئوقۇڭلار ، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇۋاپىق تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇپ كۆچۈرۈڭلار .

## ئەدەپسىزلىككە يارىشا

بىر شەھەردە زورىدىن ئىسىملىك بىر بالا بولۇپ ھەمىشە ئۆزد-

# تۆتىنچى مەشىق

1 . تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ ، قايسىلىرىنىڭ چىن شەيئى ، قايسىلىرىنىڭ باغلانما تەسەۋۋۇر ئىكەنلىكىنى ئېيىتىپ بېرىڭلار .

## چۇغلۇق

مەكتىپىمىزنىڭ ئالدى تەرىپى كەڭرى كەتكەن ئوچۇقچىلىق بولۇپ ، ئۇنىڭمۇ نېرىسىدا ئېگىز تاغلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ، مەن تاغ باغرىدا ھۆپپىدە ئېچىلغان چۇغلۇقلارنىڭ ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغانلىقىغا قاراشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن .

قاراپ بېقىڭا ! تاغ باغرىدىكى چۇغلۇقلار نەقەدەر قىزىل ، نەقەدەر كۆپ ـ ھە ! كۈننىڭ نۇرى چۈشكەن ھامان ، گويا تۈمەنلىگەن قىزىل يۇلتۇزلار چاقناۋاتقاندەك كۆزنى قاماشتۇرسا ، مەيىن شامال يەلپۈپ ئۆتكەن ھامان ، بەئەينى مىڭلىغان قىزىل بايراقلار جەۋلان قىلغاندەك بولىدۇ .

بىر كۈنى ، بىر ئوقۇغۇچۇم مەندىن :

— مۇئەللىم ، چۇغلۇق نېمىشقا شۇنچىۋالا قىزىل ؟ — دەپ سورىدى .

مەن دەرمەھەل نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم . مەن چۇغلۇقنى شۇنچە ياخشى كۆرسەممۇ ، ئۇنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك شۇنچە قىزىللىقىنى بىلمەيدىكەنمەن .

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ، مەن پادىچى بوۋايدىن مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلاپ قالدىم .

بىلەن ئۇلار ئىپادىلەيدىغان ئىدىيىۋى ھېسسىيات ناھايىتى چوڭقۇر . ئالدىنقى ئىككى سۆز يانكونىڭ كەڭ تەبىئەتنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىسە ، كېيىنكى سۆز يانكونىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىگە بولغان سادانى ئىپادىلەيدۇ .

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن سۆزلەردە ، ئاپتور باغلانما تەسەۋۋۇردىكى «مۇزىكا ئاۋازى» نى ھەقىقىي ئاۋازلارنىڭ ئورنىغا ، باغلانما تەسەۋۋۇردىكى «ساز چېلىش» نى ھەقىقىي «قۇشقاچلارنىڭ ئاۋازى» ئورنىغا ، باغلانما تەسەۋۋۇردىكى «چاقىرىش» نى ھەقىقىي «شىلدىرلاش» ئورنىغا قويغان . ئەسەرلەرنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ، قايسىلىرىنىڭ ھەقىقىي ، چىن شەيئى ، قايسىلىرىنىڭ ھەقىقىي ، چىن شەيئىلەردىن كېلىپ چىققان باغلانما تەسەۋۋۇر ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلىسەك ، ئەسەر مەزمۇنىنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ، ئاپتور ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىگىلىۋېلىشىمىزغا زور ياردىمى بولىدۇ . ئۆزىمىز ئەسەر يازغاندا ، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىزنى يېزىپلا قالماستىن ، باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلغانلىرىمىزنى يېزىشنىمۇ ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم . ئەگەر كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىزنى ناھايىتى كونكرېت يېزىش بىلەن بىرلىكتە ، باغلاپ ئويلىغانلىرىمىزنىمۇ مۇۋاپىق تۈردە يېزىپ چىقالايدىغان بولساق ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ تولۇقلىنىدۇ ، ھېسسىيات تېخىمۇ چوڭقۇر ئىپادىلىنىدۇ .

كەلتۈرۈپ چىقىرىلىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن تەسۋىرلەنگەن مەنزىرىلەر : ئاينىڭ سۇ بىلەن ئاسمان تۇتىشىپ تۇرغان جايدىن ئۆرلەۋاتقانلىقى ، يېنىك دولقۇنلاۋاتقان دېڭىز يۈزىنى بىردىنلا كۈمۈشتەك ئاي نۇرى قاپلىغانلىقى ، ئاي بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ ، سۇپسۈزۈك بۇلۇتلارنى كېسىپ ئۆتۈۋاتقانلىقى ، توساتتىن دېڭىز يۈزىدە قاتتىق بوران چىقىپ ، سۇنى پەلەككە كۆتۈرگەنلىكى ، ئاي نۇرىدا پارقىراۋاتقان بۇژغۇنلارنىڭ كەينى - كەينىدىن قىرغاققا ئۇرۇلۇۋاتقانلىقى ... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى چۇشۇۋاتقان ئاي نۇرىنى كۆرۈشتىن ، چېلىنىۋاتقان پىئاننو ئاۋازىنى ئاڭلاشتىن كېلىپ چىققان باغلانما تەسەۋۋۇرلاردۇر . يەنە ئالايلى ، تېكىستتە ئەما قىزنىڭ «ئايدىڭ كۈيى »نى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقان قىياپىتى يېزىلىپ ، ئارقىدىنلا «گويا » سۆزى ئارقىلىق ئەما قىزنىڭ روھىي ھالىتىدىن پەيدا بولغان باغلانما تەسەۋۋۇر بېرىلگەن .

باغلانما تەسەۋۋۇر ھامان ھەقىقىي نەرسە بىلەن بىرلىكتە يېزىلىدۇ ، شۇڭا ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا ئىنچىكىلىك بىلەن پەرقلەندۈرۈشىمىز لازىم . مەسىلەن ، «مۇزىكا خۇمار يانكو » دېگەن تېكىستتە ، يانكو «مەيلى قەيەرگە بارمىسۇن ، ھامان مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولىدىكەن » ، «دالىدىكى كىچىك ھاشاراتلار ئۇنىڭغا ساز چېلىپ بېرىدىكەن » ، «گىلاس دەرىخى يانكونىڭ بېشى ئۈستىدە ئۇنى چاقىرغاندەك توختىماستىن شىلدىرلاپتۇ » دېگەن جۈملىلەردىكى «مۇزىكا ئاۋازى » ، «ساز چېلىش » ۋە «چاقىرىش » دېگەنلەر ھەقىقىي ۋە ئاڭلىغىلى بولىدىغان ئاۋازلاردىن كېلىپ چىققان باغلانما تەسەۋۋۇردۇر . بۇ سۆزلەر ناھايىتى ئاددىي تۇرغىنى

## يېزىقچىلىق

# شەيئىلەرنى پەرقلەندۈرۈش ۋە باغلانما تەسەۋۋۇر

ئەسەردە سۆزلەنگەن شەيئىلەرنىڭ بەزىلىرى ھەقىقىي، چىن شەيئىلەر بولسا، بەزىلىرى شۇ شەيئىدىن كېلىپ چىققان باغلانما تەسەۋۋۇر بولىدۇ. ھەقىقىي، چىن شەيئىلەرنى يازغان چاغدا ئۇنىڭغا باغلانما تەسەۋۋۇرمۇ قوشۇپ يېزىلسا، ئەسەر يەنىمۇ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولۇپ، كىشىنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ.

بىز «ئايدىڭ كۆيى» دېگەن تېكىستنى ئوقۇپ ئۆتتۇق. ئۇنىڭدىكى كەپە ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى شام، پىئانىنو، شىبىلىت تىكىپ ئولتۇرغان ئەر، پىئانىنو چېلىۋاتقان ئەما قىز، دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان ئاي نۇرى ھاسىل قىلغان مەنزىرە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي، چىن شەيئىلەر بولۇپ، ئۇلارنى كۆرگىلى ۋە ئاڭلىغىلى بولىدۇ. ھەقىقىي، چىن شەيئىلەردىن كېلىپ چىققان باغلانما تەسەۋۋۇرلار دائىم «خۇددى»، «گويا»، «بەئەينى» دېگەندەك سۆزلەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئالايلى، تېكىستتە بېتخوۋېن ئورۇندىغان «ئايدىڭ كۆيى» نىڭ مەزمۇنى «موزدۇز جىمجىت ئولتۇرۇپ تىڭشاپتۇ. ئۇ ئۆزىنى خۇددى دېڭىزغا يۈزلىنىپ تۇرغاندەك ··· ھېس قىلىپتۇ» دېگەن جۈملىدىن

قىرغاندەك توختىماستىن شىلدىرلاپتۇ .

3 . تېكىستنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ، ئالدى بىلەن ھەر-بىر بۆلەكنىڭ مەزمۇنىنى ، كېيىن پۈتۈن تېكىستنىڭ مەز-مۇنىنى ئېيتىپ بېرىڭلار ھەمدە مەركىزىي ئىدىيىسىنى ئىخچام سۆزلەپ بېرىڭلار .

4 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭ-لار ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈ-زۈڭلار .

ياداڭغۇ      كۈنلۈكچى      لەمپە

جور بولۇش      زور      غايىبانە

باسماق      سەكرات

4 . تۆۋەندىكى جۈملە شەكىللىرىگە دىققەت قىلىڭلار ھەمدە شۇ جۈملە شەكىللىرىگە تەقلىد قىلىپ جۈملە تۈزۈڭ-لار .

ئۇ ئوت - چۆپ دۆۋىسىنىڭ كەينىدىكى چاغدا ، ئۆزىنى خۇددى ئۆز ئۆيىدە تۇرغاندەك ھېس قىلغان بولسا ، ئەپسۇس-كى ، بۇ يەردە ئۆزىنى قەپەستىكى كىچىك جانىۋاردەك ھېس قىلىپتۇ .

... خۇددى ... ، ئەپسۇسكى ، ...

قاۋاقخانىدا كىملەردۇر ئۇسسۇل ئوينايدىكەن ، بەزىدە پۈتنى پولغا ئۇرغان ئاۋازلار ، بەزىدە قىزلارنىڭ ناخشا ئېيتى-قان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدىكەن ۋە بەزىدە كىچىك ئىسكىرىپ-كىدا ئورۇندالغان يېنىك ، يېقىملىق مۇزىكىغا چوڭ ئىسكى-رىپكىنىڭ تۆۋەن ، بوم ئاۋازدا جور بولغان ساداسى ئاڭلى-نىدىكەن .

بەزىدە ... ، بەزىدە ... ۋە بەزىدە ...

## كۆنۈكمە

1 . تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار :

1 ) يانكونىڭ مۇزىكاخۇمارلىقىنى تېكىستتىكى قايسى جايلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ ؟

2 ) يانكو قاۋاقخانىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئۇ يەردىكى مۇزىكىلارنى ئاڭلاپ ، ئۆزىنىڭمۇ شۇنداق بىر ئىسكىرىپكىسى بولۇشىنى خالاپ ، نېمىلەرنى ئويلىدى ؟

3 ) خوجايىنىنىڭ ئاشپىزىنىڭ كىچىك ئىسكىرىپكىسى ئاشخانا تېمىغا ئېسىقلىق تۇرغاندا ، يانكو كۆرۈپ بېقىشنى ، تۇتۇپ بېقىشنىلا ئويلىغانىدى ، بىراق نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق ئېچىنىشلىق تەقدىرگە دۇچ كەلدى ؟

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى تېكىست مەزمۇنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يېشىپ بېرىڭلار .

1 ) يانكونىڭ ئانىسى كۈنلۈكچى بولۇپ ئىشلەيدىكەن ، ئۇ خۇددى كىشىلەرنىڭ لەمپىسىدىكى قارلىغاچتەك ، بۈگۈن بىر كۈننى بۇ ئۆيدە ئۆتكۈزسە ، ئەتە قەيەردە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن .

2 ) دالىدىكى كىچىك ھاشاراتلار ئۇنىڭغا ساز چېلىپ بەرسە ، باغلاردىكى قۇشقاچلار ناخشا ئېيتىپ بېرىدىكەن .

3 ) يانكوغا قاۋاقخانىدىكى ھەربىر تۈۋرۈك تەۋرىنىۋاتقاندەك ، ناخشا ئېيتىپ ، مۇزىكا چېلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدىكەن .

4 ) يەڭگىلى بولمايدىغان زور بىر كۈچ ئۇنى ئالدىغا مېڭىشقا ئۈندەپتۇ .

5 ) گىلاس دەرىخى يانكونىڭ بېشى ئۈستىدە ئۇنى چا-

راۋۇرۇسمۇ دەسسەپ تۇرالمىسا؟ يە ئۇنى تۇرمىگە ئاپىرىپ
بېرىش كېرەكمۇ؟ خوجايىن ئاخىرى، «ئۇنى راسا ئۇرۇش
كېرەك» دېگەن قارارغا كەپتۇ.

خوجايىن جېسەكچىنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا: «ئۇنى
ئېلىپ چىقىپ دۇمبالىغىن» دەپتۇ. جېسەكچى بېشىنى
لىڭشىتىپ، يانكونى خۇددى ئاسلاننى كۆتۈرگەندەك قول-
تۇقىغا قىسىپ، بىر قاشانىڭ تۈۋىگە ئېلىپ بېرىپتۇ. يانكو
بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماپتۇ. قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن، باس-
ماققا چۈشكەن كىچىك جانىۋاردەك، كۆزلىرىنى چەكچەي-
تىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. ئۇلارنىڭ نېمە قىلىشىنى ئۇ نەدىنمۇ
بىلسۇن؟

يانكو قاتتىق دۇمبالانغاندىن كېيىن، ئانىسى كېلىپ
ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ئۇ ئورنىدىن تۇرال-
ماپتۇ. ئۇچىنچى كۈنى كەچتە سەكراتقا چۈشۈپ قاپتۇ.

ئانىسى يانكونى ئۇزۇن ئورۇندۇققا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ.
ئۆينىڭ ئالدىدا بىر تۈپ گىلاس دەرىخى بولۇپ، قارلىغاچلار
ئۇنىڭغا قونۇپ، ناخشا ئېيتىپتۇ. قىزلار ئېتىزدىن قايتى-
شىدا، يول بويى: «ئېھ ياپيېشىل ئوتلاق ...» دەپ ناخشا
ئېيتىپتۇ. جىلغا تەرەپتىن نەي ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. يانكو
يېزا تەرەپتىن كېلىۋاتقان ناخشا-مۇزىكىلارنى ئاڭلاپتۇ.
لېكىن بۇ، ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىقى ئىكەن. دەرەخ
قوۋزىقىدا ياسىغان ئىسكىرىپكىسىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئىكەن.

«مۇزىكاخۇمار يانكو»نىڭ كۆزى ئوچۇقتەك كۆرۈنسى-
مۇ، ئەمما قارىچۇقى ھەرىكەتتىن توختاپتۇ. گىلاس دەرىخى
يانكونىڭ بېشى ئۈستىدە ئۇنى چاقىرغاندەك توختىماستىن
شىلدىرلاپتۇ.

ئاجىز ، ئورۇق ، ياداڭغۇ گەۋدىسىنى ئاستا ئىشىك ئالدىغا ئىتتىرىپ كەپتۇ .

يانكو ئاشخانىغا كىرىپتۇ . ھەربىر قەدىمىنى ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن باسسىمۇ ، ئۇنى بارغانسېرى قورقۇنچ چىرمىۋاپتۇ ؛ ئۇ ئوت - چۆپ دۆۋىسىنىڭ كەينىدىكى چاغدا ئۆزىنى خۇددى ئۆز ئۆيىدە تۇرغاندەك ھېس قىلغان بولسا ، ئەپسۇسكى ، بۇ يەردە ئۆزىنى قەپەستىكى كىچىك جانئۋاردەك ھېس قىلىپتۇ . جىمجىت كېچە نېمىدىگەن قورقۇنچلىق - ھە ! ئاي نۇرى يانكونى يورۇتۇپ تۇرۇپتۇ . يانكو ئىسكىرىپكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ، سۆيۈملۈك ئىسكىرىپكىغا تەلمۈرۈپ قاراپتۇ .

بىرپەستىن كېيىن قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن بىرەيلەننىڭ بوش ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ ، شۇ چاغدا يانكونىڭ قولى ئېھتىياتسىزلىقتىن ئىسكىرىپكىنىڭ تارىغا تېگىپ كېتىپتۇ . ئارقىدىنلا چالا ئۇيقۇلۇق بىرەيلەننىڭ قوپاللىق بىلەن : «قايسىڭ ! ؟» دېگىنى ئاڭلىنىپتۇ . يانكو جىم تۇرۇۋاپتۇ . بىرى سەرەڭگە يېقىپ ، شام ياندۇرۇپتۇ . كېيىن ، تىللىغان ، قامچا بىلەن ئۇرغان ، كىچىك بالىنىڭ يىغلىغان ، ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازلىرى ۋە ۋارقىراش - جارقىراشلار ئاڭلىنىپتۇ . ھويلا ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن تولۇپتۇ .

ئەتىسى ئاشپەز بىچارە يانكونى خوجايىنىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ . خوجايىن ئۇنىڭغا قاراپ بىر ئالايغانىكەن ، بۇ بىچارە ئاۋاق بالىنىڭ قورقىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ .

ئۇنى قانداق جازالاش كېرەك ؟ ئوغرى دەپ جازا بېرەمدۇق ؟ بالا بەك كىچىك تۇرسا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھەتتا



بولغان ھەممە نەرسىنى چىقىرىپ ، ئۇنىڭغا تېگىشىشنى خا-
لايتتى . پەقەت ئۇنى تۇتۇپ باقسىلا ، بىر قېتىم بولسىمۇ
تۇتۇپ باقسىلا ، ئۇ قانائەتلىنەتتى .

يانكو بىر ئامالالارنى قىلىپ دەرەخنىڭ قوۋزىقى ۋە
ئاتنىڭ ياپلىدىن بىر ئىسكىرىپكا ياسىۋاپتۇ . لېكىن ، قانچە
قىلغان بىلەنمۇ ، ئۇنىڭ ئاۋازى مېھمانخانىدىكى ئىسكىرىپ-
كىنىڭكىدەك يېقىملىق چىقماپتۇ . ئۇنىڭ ئاۋازى پاشا غى-
ڭىلدىغاندەك ناھايىتى تۆۋەن ئىكەن . شۇنداق بولسىمۇ ،
يانكو ئۇنى ئەتىدىن - كەچكىچە قولىدىن چۈشۈرمەي چالى-
دىكەن .

خوجايىنىنىڭ ئاشپەزنىنىڭ بىر ئىسكىرىپكىسى بولۇپ ،
ئۇ ئۇنى ھەر ئاخشىمى چالىدىكەن . يانكونىڭ بۇ ئىسكىرىپ-
كىنى ئۇبدانراق بىر كۆرۈپ باققۇسى كېلىدىكەن . ئۇ پات-
پات ئوت - چۆپ دۆۋىسى يېنىدىن ئاستا ئۆمىلەپ ئۆتۈپ ،
ئاشخانا ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ، ئوچۇق تۇرغان
ئىشىكتىن ئۇدۇلدىكى تامغا ئېسىقلىق تۇرغان ئىسكىرىپكى-
غا قارايدىكەن . يانكونىڭ بۇ ئىسكىرىپكىنى قولىغا ئېلىپ
باققۇسى ، بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئېنىقراق كۆرۈۋالغۇسى
كېلىدىكەن .

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ، ئاشخانىدا بىرمۇ ئادەم قال-
مىغان چاغدا ، يانكو ئادىتى بويىچە ئوت - چۆپ دۆۋىسىنىڭ
كەينىگە مۆكۈپ ، ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن تامغا ئېسىقلىق
ئىسكىرىپكىغا كۆز ئۈزمەستىن قاراپتۇ . بىر ھازا قاراپ
تۇرغاندىن كېيىن ئۇنى قورقۇنچ بېسىپتۇ . شۇنداقتىمۇ قى-
مىر قىلماپتۇ . لېكىن ، يەڭگىلى بولمايدىغان زور بىر كۈچ
ئۇنى ئالدىغا مېڭىشقا ئۈندەپتۇ ، بۇ غايىبانە كۈچ ئۇنىڭ

ئاۋاز چىقىرىۋاتقان شامالغىمۇ قۇلاق سېلىپ تىڭشايدىكەن. يانكو بىر كۈنى ئەتراپتىكى تۈرلۈك ئاۋازلارغا راسا بېرىلىپ قۇلاق سېلىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ قالغان نازارەتچى بېلىدىكى تاسمىسىنى يېشىپ، ئۇنى ئېسىدىن چىقمىغۇدەك قاتتىق ئۇرۇپتۇ.

كۆپچىلىك يانكونى «مۇزىكاخۇمار يانكو» دەپ ئاتىشىدىكەن. باھار كەلگەندە ئۇ دائىم ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ نەي ياسايدىكەن. كەچقۇرۇنلىرى ئۆستەڭ بويىدا جىمجىت يېتىپ پاقىلارنىڭ «كۇر - كۇر» قىلىشقانلىرىنى، تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ «توك - توك» قىلىپ دەرەخ قوۋزاقلىرىنى چوقۇلىغانلىقىنى، قوڭغۇزلارنىڭ غوڭۇلداپ ئۇچۇشلىرىنى تىڭشايدىكەن.

يېزا جىسەكچىسى يانكونىڭ دائىم يېزا قاۋاقخانىسى تېمىغا يۆلىنىپ جىمجىت ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىدىكەن. قاۋاقخانىدا كىملەردۇر ئۇسسۇل ئوينايدىكەن، بەزىدە پۇتنى پولغا ئۇرغان ئاۋازلار، بەزىدە قىزلارنىڭ ناخشا ئېيتقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدىكەن ۋە بەزىدە كىچىك ئىسكىرىپكىدا ئورۇندالغان يېنىك، يېقىملىق مۇزىكىغا چوڭ ئىسكىرىپكىنىڭ تۆۋەن، بوم ئاۋازدا جور بولغان ساداسى ئاڭلىنىدىكەن. ئۆينىڭ ئىچىدە چىراغلار چاقناپ تۇرىدىكەن. يانكوغا قاۋاقخانىدىكى ھەربىر تۇۋۇرۇك تەۋرىنىۋاتقاندەك، ناخشا ئېيتىپ، مۇزىكا چېلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدىكەن.

كىچىك ئىسكىرىپكىنىڭ ئاۋازى نېمىدېگەن يېقىملىق-ھە! ئەگەر بىرەر ئىسكىرىپكا بولسا، يانكو ئۆزىدە بار

# 10 . مۇزىكاخۇمار يانكو[1]

بۇرۇن پولشادا يانكو ئىسىملىك بىر بالا ئۆتكەنىكەن . ئۇ ئىنتايىن ياداڭغۇ ، يۈزلىرى قارىداپ كەتكەن بولۇپ ، سارغۇچ چاچلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى يېپىپ تۇرىدىكەن .

يانكونىڭ ئانىسى كۈنلۈكچى بولۇپ ئىشلەيدىكەن . ئۇ ، خۇددى كىشىلەرنىڭ لەمپىسىدىكى قارلىغاچتەك ، بۈگۈن بىر كۈننى بۇ ئۆيدە ئۆتكۈزسە ، ئەتە قەيەردە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن . يانكو سەككىز يېشىدا بالا ئىشچى بوپتۇ . ئۇ مۇزىكىغا ناھايىتى قىزىقىدىكەن ، مەيلى قەيەرگە بارمىسۇن ، ھامان مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولىدىكەن . بەزى چاغلاردا ئورمانلىقلارغا ياۋا مېۋە تەرگىلى بېرىپ ، سېۋەتنى قۇرۇقلا قايتۇرۇپ كېلىدىكەن ـ دە ، ئاپىسىغا : «ئوھوي ، ئاپا ، ئورمانلىقتا ئاجايىپ مۇزىكىلار ئاڭلىنىدىكەن» دەيدىكەن .

دالىدىكى كىچىك ھاشاراتلار ئۈنىڭغا ساز چېلىپ بەرسە ، باغلاردىكى قۇشقاچلار ناخشا ئېيتىپ بېرىدىكەن . يېزىدا ئاڭلىنىلى بولىدىغان بارلىق ئاۋازلارنى ئۇ مۇزىكىدەك ھېس قىلىپ دىققەت بىلەن تىڭشايدىكەن . ئۇ ئوت ـ چۆپ دۆۋىلىگەندە ، ياغاچ ئارىغا ئۇرۇلۇپ «ۋىڭ ـ ۋىڭ» قىلىپ

[1] پولشا يازغۇچىسى ھېنرىك سېنكىيېۋىچ (1846 ـ 1916 ) نىڭ ھېكايىسى .

ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ .

2 ) ئاكا ، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ ، مەن مۇنداقلا دەپ قويدۇم .

3 ) ئاھ ، نېمىدېگەن ماھىرلىق بىلەن چىلىنغان مۇزىكا ، بۇ ! ھېسسىيات نەقەدەر چوڭقۇر ـ ھە ! سىز ، سىز ، بىتخوۋىن ئەپەندىغۇ دەيمەن ؟

4 ) ئاكا ـ سىڭىل ئىككىيلەن بۇ يېقىملىق مۇزىكىغا مەپتۇن بولۇپ ، مەستخۇش ئولتۇرۇپ قاپتۇ .

4 . تېكىستنى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ، ھەربىر بۆلەكنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرىڭلار ، ئاندىن پۈتۈن تېكىستنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى يىغىنچاقلاپ سۆزلەپ بېرىڭلار .

5 . تېكىستنى ھېسسىيات بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇڭلار .

كەن بولۇپ ، ئۇ گويا ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان مەنزىرىنى — ئاي نۇرىغا چۆمۈلۈپ ئۆركەشلەۋاتقان دېڭىزنى كۆرگەندەك بولۇپ ئولتۇرغۇدەك .

ئاكا - سىڭىل ئىككىيلەن بۇ يېقىملىق مۇزىكىغا مەپتۇن بولۇپ ، مەستخۇش ئولتۇرۇپ قاپتۇ . ئۇلار ئېسىگە كېلىپ قارىسا ، بېتخوۋېن ئاللىقاچان كەپىدىن چىقىپ كەتكەنىكەن . ئۇ ، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ سارايغا كېلىپ ، شۇ كېچىسىلا ، بايا چالغان نادىر مۇزىكىسى — «ئايدىڭ كۈيى» نى خاتىرىلىۋاپتۇ .

## كۆنۈكمە

1 . بېتخوۋېن نېمە ئۈچۈن كەپىگە كىرىپ ، ئەما قىزغا پىئانىنو چېلىپ بەردى ؟ بىر مۇزىكىنى چېلىپ بولغاندىن كېيىن ، يەنە نېمىشقا ئىككىنچى مۇزىكىنى چېلىپ بەردى ؟ ئىككىنچى قېتىم چالغىنى قايسى مۇزىكا ؟

2 . بېتخوۋېن مۇزىكا چېلىۋاتقاندا ، موزدوز نېمىلەرنى كۆرگەندەك بولدى ؟ ئەما قىزچۇ ؟

3 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار .

1 ) بىر ئاخشىمى ، بېتخوۋېن سەيلە قىلىپ خىلۋەت چىغىر يولدا كېتىۋاتقىنىدا ، بىر كەپىدىن ئۆزى ئىجاد قىلغان مۇزىكىنىڭ پىئانىنودا ئۈزۈپ - ئۈزۈپ چېلىنىۋاتقان

تۇگىشى بىلەنلا ، ئۇ ھاياجانلىنىپ :
— ئاھ ، نېمىدېگەن ماھىرلىق بىلەن چېلىنغان مۇزى-
كا ، بۇ ! ھېسسىيات نەقەدەر چوڭقۇر - ھە ! سىز ، سىز ،
بېتخوۋېن ئەپەندىغۇ دەيمەن ؟ — دەپتۇ .

بېتخوۋېن جاۋاب قايتۇرمايلا ، ئەما قىزدىن :
— ئاڭلاشنى خالامسىز ؟ يەنە بىر مۇزىكا چېلىپ بې-
رەيمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

بۇ چاغدا شامال چىقىپ ، شامنى ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ . ئاي
نۇرى دېرىزىدىن چۈشۈپ ، ئۆيدىكى نەرسىلەر ئۈستىگە كۈ-
مۈش رەڭلىك تور پەردە يېپىلغاندەك ، ئىنتايىن سۈزۈك
كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ . بېتخوۋېن ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرغان نام-
رات ئاكا - سىڭلىغا تىكىلىپ قارىغىنىچە ، دېرىزىدىن
چۈشكەن ئاينىڭ نۇرىدا بارماقلىرى بىلەن پىئانىنونىڭ تىل-
لىرىنى بېسىشقا باشلاپتۇ . موزدۇز جىمجىت ئولتۇرۇپ
تىڭشاپتۇ . ئۇ ئۆزىنى خۇددى دېڭىزغا يۈزلىنىپ تۇرغان-
دەك ، ئاي بولسا سۇ بىلەن ئاسمان تۇتىشىپ تۇرغان جايدىن
ئۆرلەۋاتقاندەك ، يېنىك دولقۇنلاۋاتقان دېڭىز يۈزىنى بىر-
دىنلا كۈمۈشتەك ئاي نۇرى قاپلاپ كەتكەندەك ، ئاي بارغان-
سېرى يۇقىرى ئۆرلەپ ، سۇپسۈزۈك بۇلۇتلارنى كېسىپ
ئۆتۈۋاتقاندەك ، توساتتىنلا دېڭىز يۈزىدە قاتتىق بوران چى-
قىپ ، سۇنى پەلەككە كۆتۈرگەندەك ، ئاي نۇرىدا پارقىراۋات-
قان بۇژغۇنلار كەينى - كەينىدىن قىرغاققا ئۇرۇلۇۋاتقاندەك
ھېس قىلىپتۇ ··· موزدۇز سىڭلىسىغا قاراپتۇ . ئاي نۇرى
ئۇنىڭ تەمكىن چىرايى ۋە چوڭ ئېچىلغان كۆزلىرىگە چۈش-



ئەر كىشى :

— شۇنداق بولغان بولسا ھەقىقەتەن ياخشى بولاتتى ، بىراق مۇزىكا كېچىلىكىنىڭ بىلىتى بەك قىممەت ئىكەن ، بىز بەك نامرات ـ تە ، — دەپتۇ .

قىز :

— ئاكا ، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ ، مەن مۇنداقلا دەپ قويدۇم ، — دەپتۇ .

بىتخوۋېن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، ئىشىكنى ئاچقىنىچە ، ئاستا مېڭىپ كەپىگە كىرىپتۇ . كەپىدە بىر تاللا شام ياندۇرۇلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ غۇۋا يورۇقىدا بىر ئەر شىبلىت تىكىۋاتقان ، دېرىزىنىڭ ئالدىغا بىر كونا پىئانىنو قويۇلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئالدىدا 16 — 17 ياشلار چامىسىدا ، كېلىشكەن ، بىراق ئىككى كۆزى ئەما بىر قىز ئولتۇرغانىكەن .

موزدۇز ئۆيگە بىر ناتونۇش ئادەمنىڭ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ :

— ئەپەندىم ، كىمنى ئىزدەيسىز ؟ بۇ ئۆيگە خاتا كىرىپ قالدىڭىزمۇ قانداق ؟ — دەپتۇ .

— خاتالاشمىدىم ، مەن مۇشۇ قىزغا پىئانىنودا بىر مۇزىكىنى چېلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلدىم ، — دەپتۇ بىتخوۋېن .

قىز دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئورۇن بوشىتىپ بېرىپتۇ . بىتخوۋېن پىئانىنونىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ، قىز ھېلىلا چالغان مۇزىكىنى چېلىشقا باشلاپتۇ ، ئەما قىز پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مۇزىكىغا مەھلىيا بولۇپ كېتىپتۇ ، مۇزىكا

## 9 . ئايدىڭ كۆيى

بۇنىڭدىن 200 نەچچە يىللار ئىلگىرى، گېرمانىيىدە بېتخوۋېن دېگەن بىر مۇزىكانت ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ نۇرغۇنلىغان داڭلىق مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ پىئانىنو بىلەن ئورۇندىلىدىغان مەشھۇر مۇزىكىسى — «ئايدىڭ كۆيى»نى مۇنداق يېزىپ چىققانىكەن.

مەلۇم بىر يىلى كۈزدە، بېتخوۋېن سەييارە ئويۇن كۆرسىتىش جەريانىدا، رېين دەرياسى بويىدىكى بىر كىچىك كەنتكە كەپتۇ. ئۇ بىر ئاخشىمى، سەيلە قىلىپ خىلۋەت چىغىر يولدا كېتىۋاتقىنىدا، بىر كەپىدىن ئۆزى ئىجاد قىلغان بىر مۇزىكىنىڭ پىئانىنودا ئۈزۈپ - ئۈزۈپ چېلىنىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ.

بېتخوۋېن كەپىگە يېقىنلاشقاندا، پىئانىنونىڭ ئاۋازى بىردىنلا ئۈزۈلۈپ قاپتۇ ۋە كىملەرنىڭدۇر پاراڭلىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. بىر قىز:

— بۇ مۇزىكىنى چېلىش ئەجەب تەس ئىكەن! باشقىلارنىڭ چالغىنىنى بىرقانچە قېتىم ئاڭلىغان بولساممۇ، قانداق چېلىشنى زادى ئۆگىنەلمىدىم. بېتخوۋېننىڭ ئۆزىنىڭ چالغىنىنى ئاڭلىغان بولسام، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! — دەپتۇ.



— بالام ، نىمىشقا يازمايسەن ؟ قارا ، بىرنى بىرگە قوشسا نەتىجى-
سى ئىككى بولىدۇ . ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا جۇرئەت قىلىشتا چىك
تۇرۇش كېرەك . ئېسىڭدە بولسۇنكى ، بۇ — ئالىملارنىڭ ئەڭ مۇھىم
پەزىلىتى ، — دەپتۇ .

5 . تۆۋەندىكى «ئەڭ مۇھىم پەزىلەت» دېگەن پارچىنى ئوقۇپ ، تەسىراتىڭلارنى سۆزلەپ بېرىڭلار .

## ئەڭ مۇھىم پەزىلەت

ماتېماتىكىنى قىزىقىپ ئۆگىنىدىغان بىر بالا ھەر قېتىملىق ماتېماتىكا ئىمتىھانىدا 100 نومۇر ئالىدىكەن . ئۇ كۆڭلىدە : چوڭ بولسام چوقۇم داڭلىق بىر ماتېماتىكا ئالىمى بولىمەن ، دەپ نىيەت باغلاپتۇ ، ئەمما ئالىم بولۇش ئۈچۈن يەنە قانداق شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك ؟

بىر كۈنى ، ئۇ ئاتاقلىق بىر ماتېماتىكا ئالىمىغا خەت يېزىپ ، بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ . ئۇزاق ئۆتمەي ، بۇ پېشقەدەم ئالىم بالىغا جاۋاب خەت يېزىپ ، ئۇنىڭ بىلەن پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئۇچرىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ .

بۇ ئىككىيلەن ئۇچرىشىپتۇ . پېشقەدەم ئالىم يېنىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ ، جىددىي تۇستە :

— ئۇنداق بولسا ، ئالدى بىلەن سىزدىن ئىمتىھان ئېلىپ كۆ-رەي ، ئاندىن سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرەي ، — دەپتۇ .

بالا ئىمتىھان قەغىزىنى جىددىيلەشكەن ھالدا قولىغا ئاپتۇ . ئۇ قەغەزنىڭ قېتىنى ئېچىپ قارىسا ، قەغەزگە پەقەت «$1+1=?$» دېگەن بىرلا مەسىلە يېزىلغانىكەن .

بالا شۈبھىلىنىپ ، بىر ئىمتىھان قەغىزىگە ، بىر ئالىمغا قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ . ئۇيان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ قەلەم تەۋرىتىشكە پېتىنال-ماپتۇ .

بۇ چاغدا ، پېشقەدەم ئالىم مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرغان كۆزىنى ئۇنىڭغا تىكىپ ، مۇلايىملىق بىلەن بالىنىڭ بېشىنى سىلاپتۇ ۋە :

1 ) ياخشى ، ناھايىتى ياخشى !··· بۇ بىر ئاددىي قونچاق ئەمەس ، قوڭغۇراق ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان گۇۋاھچى ئىدىكەن .

2 ) ئۇجمىنىڭ غول قىسمى ناھايىتى قاتتىق ، ئىچكى تالالىرى رەڭدار بولغاچقا ، ئۇنىڭدىن ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى ، دۇتار ، تەمبۇر ، راۋاب ··· لارنى ياسىغىلى بولىدۇ .

3 ) تۇرپان ئۈزۈمى دۇنياغا داڭلىق . ئۇنىڭ كىشمىش ئۈزۈم ، ئاق سايۋا ، قىزىل سايۋا ، مۇناقى ··· قاتارلىق تۈرلىرى بار .

3 . بىرەر شەيئى چۈشەندۈرۈلىدىغان بىر پارچە ماقالە يېزىپ كېلىڭلار . ئۇنىڭدا مۇھىم نۇقتىلارنى تەپسىلىي ، قالغانلىرىنى ئىخچام يېزىشقا ، مۇھىم نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ ، ئىككىنچى ئورۇندىكىلىرىنى ئاددىيراق يېزىشقا دىققەت قىلىڭلار .

4 . تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ ، ئۇنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ، ئاندىن چۈشەنچەڭلارنى ئۆز سۆزۈڭلارغا ئايلاندۇرۇپ يېزىپ كېلىڭلار .

ھايات بېغى ئىنساننى چىللار ،
ئىلىم بىلەن يورۇيدۇ دىللار .
پۇشايمانغا قالىدۇ كىشى ،
ئۆتۈپ كەتسە بىھۇدە يىللار .

# ئۈچىنچى مەشىق

1 . بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ مۇۋاپىقلىرىنى بوش ئورۇن-لارغا يېزىڭلار .

كەشىپ قىلىش ، بايقاش

ئېدىسون تەكرار - تەكرار تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ، ئاخىرى لامپۇچكىنى ( ) .

ئارخېئولوگلار يېقىندا يەنە بىر تاشقا ئايلانغان هايۋاننى ( ) .

مەنە ، ئەهمىيەت

ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ ، هەرقايسى جەهەتلەردىن يۇ-قىرى ساپاغا ئىگە قىلىش ، مىللەتنىڭ كېلەچىكىدىن ئېيت-قاندا ، زور ( ) كە ئىگە چوڭ ئىش .

بۇ سۆزنىڭ ( ) گە قارىغاندا ، جۈملىدە خاتا ئىشلىتىلگەن .

ئەستايىدىل ، تەپسىلىي

ئىشلىگەن ئىشىڭىزنىڭ جەريانىنى ( ) ئېيتىڭ .

ئۇ ئىشنى ناهايىتى ( ) قىلىدۇ .

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، كۆپ چېكىتنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلىۋېلىڭلار .

لىرىنىڭ ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ ئىپتىپ بېرىدۇ. بۇ ئۈچ نۇقتا، گەرچە ئاساسلىق مەزمۇن ھېسابلانمىسىمۇ، لېكىن تولۇق چۈشەندۈرۈلمىسە، ئاساسلىق مەزمۇن ئىسپاتلىنىش ئاساسىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

ماقالە يېزىشتىكى مەقسەتنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، ماقالىدىكى مۇھىم نۇقتىلارمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ ماقالىدە نۇقتىلىق تۆردە يېزىلغان مۇشۇ قەدىمكى خۇاڭخې پىلىنىڭ تاشقا ئايلانغان ئىسكىلىتىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ۋە ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ قېلىشىدىن ئىبارەت ئىككى مەزمۇن بولۇپ، بۇ كىتابخانلار بىلىۋېلىشنى ناھايىتى خالايدىغان مەزمۇنلاردۇر. بۇ مەزمۇنلارنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەيدىغانلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز.

تىن ، بەلكى يەنە ئۇنىڭ دەريادا يانچە يېتىپ قېلىپ ، كۆ-
چەپ تېپىچەكلىگىنىنىمۇ پەرەز قىلغان . بۇلارنىڭ ھەممى-
سى بۇ خۇاڭخې پىلى ئىسكىلىتىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاشۇ
خىلدا ، ئاشۇنداق مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغانلىقىنى چۈ-
شەندۈرىدۇ .

تېكىستتە خۇاڭخې پىلى ئىسكىلىتىنىڭ تاشقا ئايلى-
نىش جەريانى بىر قەدەر ئاددىي ، ئىخچام يېزىلغان . چۈنكى ،
ھەرقانداق بىر ھايۋان ئىسكىلىتىنىڭ تاشقا ئايلىنىش جەر-
يانى ئوخشاش بولۇپ ، خۇاڭخې پىلىمۇ ئۇنىڭ سىرتىدا ئە-
مەس .

تېكىستنىڭ ئاخىرىدا ، تاشقا ئايلانغان پىلنىڭ بايقى-
لىش جەريانى ئاساسەن ، ئۈچ نۇقتا بويىچە يېزىلغان :

1) تاشقا ئايلانغان پىل يۇقىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قې-
زىلىشقا باشلىغان .

2) تاشقا ئايلانغان پىلنىڭ ئەتراپى قېزىپ بولۇنغاندا ،
پىل ئىسكىلىتى يانتۇ ھالدا قۇمساڭغۇ توپىغا پېتىپ قال-
غان ، پۇتى يۇمىلاق تاشقا دەسسەلگەن ھالەتتە ياتقان .

3) ئۇنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدىكى سۆڭەكلەرنىڭ
ئۆز ئارا تۇتىشىپ تۇرغان ئەھۋالىدىن قارىغاندا ، ئۆلگەندىن
كېيىن ياتقان ئورنىدىن يۆتكەلمىگەن .

بۇ ئۈچ نۇقتا ، كىتابخانلارغا تاشقا ئايلانغان پىلنىڭ
نېمە ئۈچۈن شۇ قەدەر مۇكەممەل ساقلانغانلىقىنى چۈشەندۈ-
رۇپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە ئۇلارغا ئالىملارنىڭ خۇاڭخې
پىلىنىڭ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئەھۋالى ھەققىدىكى پەرەز-

نەچچە جەھەتتىن سۆزلەپ چۈشەندۈرگەن . ئالدى بىلەن تاش- قا ئايلانغان پىلنىڭ ئېگىزلىكى ، مۇكەممەللىكى ، ئاندىن ئالىملارنىڭ خۇاڭخې پىلىنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى پەرەز- لىرى ، ئۇنىڭدىن كېيىن ، خۇاڭخې پىلىنىڭ قانداق قىلىپ تاشقا ئايلانغانلىقى ، ئەڭ ئاخىرىدا تاشقا ئايلانغان پىلنىڭ قانداق بايقالغانلىقى سۆزلەنگەن . تېكىستتە ، ناھايىتى مۇ- كەممەل ساقلانغان تاشقا ئايلانغان پىل ئىسكىلىتىنى كۆر- گەندىن كېيىن كىتابخانلاردا نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق مۇكەم- مەل ساقلىنىپ قالغان؟ دېگەن سوئال پەيدا بولىدۇ . بۇنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئاپتور خۇاڭخې پىلىنىڭ تارىخىنى ، قانداق قىلىپ تاشقا ئايلانغانلىقىنى ۋە قانداق بايقالغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ، سۆزلىگەندىمۇ ناھايىتى كونكرېت سۆزلى- گەن .

خۇاڭخې پىلىنىڭ تاشقا ئايلانغان ئىسكىلىتىنى كۆر- گەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى پەقەت ئۇنىڭ ئېگىز ، يوغانلىقىغىلا دىققەت قىلىپ ، مۇكەممەللىكىگە سەل قارايدۇ . شۇڭلاشقا ، ئاپتور ئالاھىدە مەقسەت بىلەن ئۇنىڭ «مۇكەممەل» لىكىنى ھەم كونكرېت ، ھەم تەپسىلىي يازغان .

نېمە ئۈچۈن ئۇ مۇشۇنداق مۇكەممەل ساقلانغان؟ بۇ ، مۇشۇ تېكىستنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولغانلىقى ئۈچۈن ، مۇھىم نۇقتا سۈپىتىدە يېزىلغان ، ئالىملارنىڭ خۇاڭخې پىلى توغرىسىدىكى پەرەزلىرىمۇ ناھايىتى تەپسىلىي يېزىل- غان . ئالىملار خۇاڭخې پىلىنىڭ پۈتى تېيىلىپ كېتىپ ، لاي - پاتقاققا پېتىپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلىپلا قالماس-

يېزىقچىلىق

# مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئاساسلىق ۋە ئىككىنچى ئورۇندىكى مەزمۇنلارنى پەرقلەندۈرۈش

بىرەر ماقالىنى يېزىشتىن بۇرۇن، بۇ ماقالىدە نېمىلەرنىڭ سۆزلىنىدىغانلىقىنى، قايسىلىرىنىڭ ئاساسلىق، قايسىلىرىنىڭ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىش، ئاساسلىق مەزمۇنلارنى مۇھىم نۇقتا سۈپىتىدە يېزىش لازىم. يېزىلغان ماقالىدە مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلسە، ئاساسلىق ۋە ئىككىنچى ئورۇندىكى مەزمۇنلار پەرقلەندۈرۈلسە، ئوقۇغان ھامان مۇھىم مەزمۇنلارنى ئاسانلا تونۇۋېلىپ، چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

«خۇاڭخې پىلى» دېگەن تېكىستنى مىسالغا ئالساق، ئاپتورنىڭ بۇ ماقالىنى يېزىشتىن مەقسىتى كىشىلەرگە قەدىمكى دەۋردىكى خۇاڭخې پىلىنىڭ تاشقا ئايلانغان ئىسكىلىتىنى تونۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت. تاشقا ئايلانغان بۇ پىل ئىسكىلىتىنىڭ ناھايىتى مۇكەممەل ساقلانغانلىقى ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بۇ، تاشقا ئايلانغان پىلنى بايقاش تارىخىدا ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ مەسىلىنى ئاپتور بىر-

تېپىپ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئۈنلۈك ئوقۇڭلار .

4 . تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ ، ئابزاسلارغا بۆلۈڭلار ھەمدە ھەربىر ئابزاسنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتىپ بېرىڭلار ، ئاندىن شۇ ئاساستا تېكىستنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى قىسقىچە بايان قىلىڭلار .

5 . تېكىستتە قايسى قىسىملار مۇھىم نۇقتا سۈپىتىدە يېزىلغان ؟ نېمە ئۈچۈن مۇھىم نۇقتا سۈپىتىدە يېزىلغان ؟

6 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە ئاستى سىزىلغان سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار .

تەبىئەت مۇزېيخانىسى　　　قەدىمكى جانلىقلار

تاشقا ئايلانغان ئىسكىلىت　　　پەرەز قىلىش

پىتراپ كېتىش　　　مۇكەممەل


1973 ـ يىلى ئەتىيازدا، گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى بىر گۇڭشېنىڭ ئەزالىرى شۇ يەرنى كولاپ قۇمساڭغۇ توپا ئېلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىزلا توپىنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە ئاپئاق پىل چىشىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار بۇنى دەرھاللا يۇقىرىغا مەلۇم قىلدى. يۇقىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بۇ يەر قېزىلىشقا باشلىدى. تاشقا ئايلانغان قالدۇقنىڭ ئەتراپى قېزىپ بولۇنغاندا كىشىلەر يانتۇ ھالدا قۇمساڭغۇ توپىغا پېتىپ ياتقان، پۈتى يۇمىلاق تاشقا دەسسەلگەن چوڭ بىر پىلنىڭ ئىسكىلىتىنى ئېنىق كۆردى، ئۇنىڭ ئۆرە تۇرغۇزۇلغاندىكى قىياپىتىدىن پۈتى تېيىلىپ سۇغا چۈشۈپ كەتكەن چاغدىكى ھالىتىنى قىياس قىلغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدىكى سۆڭەكلەرنىڭ ئۆزئارا تۇتىشىپ تۇرغاندىكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ياتقان ئورنىدىن قوزغالمىغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى، شۇڭا ئۇ مۇشۇنداق مۇكەممەل ساقلانغان.

كۆنۈكمە

1. بۇ قەدىمكى خۇاڭخې پىلىنىڭ تاشقا ئايلانغان ئىسكىلىتىنىڭ ناھايىتى مۇكەممەل ساقلانغانلىقىنى قايسى جەھەتلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ؟

2. ئالىملار خۇاڭخې پىلىنىڭ تارىخى توغرىسىدا قانداق پەرەزلەرنى قىلدى؟

3. ئالىملار نېمىگە ئاساسلىنىپ شۇنداق پەرەز قىلىشتى؟ تېكىستتىن مۇناسىۋەتلىك سۆز ـ جۈملىلەرنى



يۇمشاق ۋە سۇيۇق لاي ـ پاتقاق بۇنداق ئېغىر پىلنى قانداق ـ مۇ كۆتۈرەلىسۇن؟ بىردەمدىلا پىلنىڭ بەدىنى بىر يانغا قىڭغىيىپ دەرياغا يىقىلدى. ئۇ كۇچەپ تىپىچەكلەيتتى، تىپىچەكلىگەنسېرى لاي ـ پاتقاقا تېخىمۇ چوڭقۇرراق پاتات ـ تى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇتقۇزۇۋېلىشنى تىلەپ ھۆركى ـ رىدى، دەل شۇ چاغدا دەريا سۇيى ئۇنىڭ ئاغزىغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ، بۇلدۇقلاپ كىرىپ كەتتى.

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان پىللار قەدەملىرىنى توخ ـ تىتىشىپ، پاتقاقتا تىرمىشىۋاتقان چوڭ پىلغا چۆچۈگەن ھالدا قارىشاتتى، ئۇلار قورققىنىدىن سۇ ئىچىشكە جۈرئەت قىلالماي، تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ كەتتى.

پاتقاقا پېتىپ قالغان چوڭ پىل ئاخىرى قىمىرلىيال ـ ماس بولۇپ قالدى.

كۇنلەر كېيىندىن كۇنلەر ئۆتۈپ، پىل لاتقا، لاي ـ پاتقاقلار بىلەن كۆمۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ تېنى چىرىدى، لېكىن ئۇستىخانلىرى بىلەن چوڭ چىشى ئاستا ـ ئاستا تاشقا ئوخشاش بىر قاتمىغا ئايلاندى.

ئىككى مىليون يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا يەر يۈزىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بۇرۇنقى ئوت ـ لاقلار يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئېگىزلىككە ئايلاندى، يەر ئۇستىدە بەزى ئېگىز تاغلار پەيدا بولدى، سۇيى مول يېڭى دەريا چوڭ پىل تىنچقىنا ياتقان جايدىن ئېقىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

بۇنىڭدىن ئىككى مىليون يىل ئىلگىرىكى هاۋا ئوچۇق، شامالسىز بىر كۈنى قۇياش ئاسماندا ئوتتەك يالقۇنجايتتى، ئوت - چۆپ، چاتقاللار خۇددى هازىرلا ئوت ئالدىغاندەك قىزىپ كەتكەندى. دۇب دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى قىمىرلاپمۇ قويمايتتى. توپ - توپ بۆكەنلەر، تۆگىقۇشلار ئۇياقتىن - بۇياققا ئالدىرىماي مېڭىپ يۈرەتتى. كىچىك بىر دەريا شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئاستاغىنە سوزۇلۇپ ئاقاتتى.

بىر توپ خۇاڭخې پىلى بىر چوڭ ئەركەك پىلنىڭ يول باشلىشىدا دۇپۇرلىشىپ بۇياققا كېلىشتى. هارغىنلىق ۋە چاڭقاش ئۇلارنى قىيناپ هالىدىن كەتكۈزگەندى. ئالدىدىكى كىچىك دەريانى كۆرۈپلا، پىللار خۇشاللىقىدىن يۈگۈرۈشتى.

چوڭ پىل هەممىنىڭ ئالدىدا دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ، ئۇزۇن خارتۇمىنى سوزۇپ، سۇ ئىچمەكچى بولدى. لېكىن، دەريا سۈيى بەك تېيىز بولغاچقا، ئىچەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالدىغا يەنە بىر قەدەم تاشلىدى. ئۇنىڭ سۇغا كىرىپ راسا قېنىپ بىر ئىچىۋالغۇسى، ئوبدان بىر چۆمۈلۈۋالغۇسى كەلدى، ئۇنداق قىلسا نېمىدېگەن راھەت بولاتتى - هە! چوڭ پىل ئوڭ پۇتىنى يوغان بىر يۇملاق تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇشىغىلا تاش ئالدىغا سىرىلىپ كەتتى، پىل ئەمدىلا كۆتۈرگەن سول پۇتىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي، دەرياغا چۈشۈپ كەتتى - دە، دەريا تېگىدىكى لاي - پاتقاققا دەسسىۋېلىپ، چوڭقۇر پېتىپ قالدى.

# 8 . خۇاڭخې پىلى

بېيجىڭ تەبىئەت مۇزېيىنىڭ قەدىمكى جانلىقلار زالىغا چوڭ بىر پىلنىڭ ئىسكىلىتى قويۇلغان . بۇ ، قەدىمكى خۇاڭخې پىلىنىڭ تاشقا ئايلانغان ئىسكىلىتى ئىدى . بۇ پىل ئىسكىلىتىنىڭ ئېگىزلىكى تۆت مېتىر ، ئۇزۇنلۇقى سەككىز مېتىر بولۇپ ، قۇيرۇق قىسمىدىن باشقا ھەممە ئەزاسى تاشقا ئايلانغان سۆڭەكلەردىن تەركىب تاپقان . قاراڭلار ، ئالدىنقى تەرىپىدە ئۈچ مېتىردىن ئۇزۇنراق پىل چىشى تۇرىدۇ . ئۇنىڭغا باش ئۇستىخىنى بىلەن جاغ سۆڭىكى تۇتىشىپ تۇرىدۇ ، ھەتتا ناھايىتى تەستە بايقاشقا بولىدىغان تىل ئۇستىخىنىمۇ ساقلانغان . 100 نەچچە پارچىدىن قۇرۇلغان پۇت بارمىقى سۆڭەكلىرى ئىچىدىكى ئۈچ - تۆت سانتىمېتىر كېلىدىغان چىمەلتەك سۆڭىكىمۇ يوقىلىپ كەتمىگەن . قەدىمكى خۇاڭخې پىلىنىڭ ئىسكىلىتىدەك مۇنداق مۇكەممەل ساقلانغان تاشقا ئايلانغان پىل قالدۇقىنىڭ تېپىلىشى تارىختا ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ . ئىسكىلىتىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئادەملەر خۇددى چوڭ بىر پىلنىڭ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چوڭ قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولىدۇ .

ئالىملار بۇ خۇاڭخې پىلىنىڭ تارىخى توغرىسىدا مۇنداق پەرەز قىلىشتى :

تۇناتسىيە بىلەن ئۇنلۇك ئوقۇڭلار . «كېرەك يوق ئوغلۇم ، يىغلىما !...» دېگەن يەردىن «ئاق كۆڭۈل ، سەممىي بو-لۇشقا ياردەم بېرىدۇ» دېگەن يەرگىچە يادلىۋېلىڭلار ۋە مەند-سىنى چۈشىنىپ ، سۆزلەپ بېرىڭلار .

4 . تېكىستنىڭ باش ـ ئاخىرى قانداق ماسلاشتۇرۇل-غان ؟ كىشىلەر بوۋاينى نېمە ئۈچۈن نەسرىدىن ئەپەندى دەپ ئويلاپ قالدى ؟

5 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە ئاستى سىزىلغان سۆزلەردىن پايدىلىنىپ ، جۈملە تۈزۈڭ-لار .

جاھان قويرۇق سوكال ئالەمدىن ئۆتۈش

گۇمان قىلماسلىق گەپ مىش ـ مىش كېزىش

بىپەرۋا مۇغەمبەرلىك تېپىش روناق

دەتالاش ھۇرپىيىش ناتونۇش

بىشەملىك

6 . تېكىستتە بەزى جۈملىلەرنىڭ كەينىگە نېمە ئۈچۈن كۆپ چېكىت قويۇلغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىڭلار .

خوشلاشتى ـ دە ، ئېشىكىگە مىنىپ ، ئۆز يولىغا يۈرۈپ كەتتى .

شۇ ئارىدا ئېتىزدىن يانغان كىشىلەر قۇتلۇق ۋە باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئاڭلاپ ، دەسلەپتە ھەيران قېلىشتى ، ئارىدىن بىرى :

— ھوي ، سىلەر بۇ يولۇچىنى كىم دەپ ئويلايسىلەر ؟ گەپ ـ سۆزلىرىدىن ، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن قارىغاندا ، ئۇ نەسرىدىن ئەپەندىدەك قىلىدۇ ؟ — دېگەنىدى ، توپلىشىپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن :

— راست ، ئۇ چوقۇم نەسرىدىن ئەپەندى ، مەھەللىمىزگە نەسرىدىن ئەپەندى كەپتۇ ! — دەپ غۇلغۇلا قىلىشتى .

— نەسرىدىن ئەپەندى ؟ !...

بۇ سۆيۈملۈك نامنى ئاڭلىغان باللار قىن ـ قىنىغا پاتماستىن ۋارقىراپ ، سەكرىشىپ تەنتەنە قىلىشتى .

## كۆنۈكمە

1 . تېكىست قانچە بۆلەككە بۆلۈنگەن ؟ ھەربىر بۆلەكتە نېمىلەر سۆزلەنگەن ؟ مەزمۇنىنى ئىخچام بايان قىلىڭلار .

2 . بوۋاي قۇتلۇق بىلەن تۇغلۇققا نېمىشقا ئىككى خىل مۇئامىلە قىلدى ؟ تېكىستتىن مۇناسىۋەتلىك سۆز ـ جۈملىلەرنى تېپىپ سۆزلەپ بېرىڭلار .

3 . «قۇتلۇق ئويۇن جەريانىدا قوش تىللىق بىر قەلەمتىراچنى تېپىۋالغانىدى ...» دېگەن يەردىن «... ياخشى ئۆگىنىڭلار ، ئەقىللىق بولۇڭلار !...» دېگەن يەرگىچە ئىن-

— كېرەك يوق ئوغلۇم ، يىغلىما ! — دېدى بوۋاي ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ ، — بۇنىڭدىن كېيىن يالغان سۆزلى-مىسەڭلا بولدى . ئاق كۆڭۈل ، سەمىمىي بولغىن ، ئىزا - ئاھانەتكە ئۇچرىمايسەن . لېكىن ، مەن ساڭا خاتىرە ئۇچۇن كىچىككىنە سوۋغات قالدۇراي ، ئىشىنىمەنكى ، ئۇ سېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشىڭغا ، ئاق كۆ-ڭۈل ، سەمىمىي بولۇشۇڭغا ياردەم بېرىدۇ .

بوۋاي شۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ ، ئۆزىنىڭ قارا مۇڭگۈز ساپلىق قەلەمتىراچىنى تۇغلۇققا بەردى . بۇنى كۆرگەن تۇغ-لۇقنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرى خۇشاللىقتىن پارقىراپ كەتتى ۋە قەلەمتىراچنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تۇرۇپ :

— رەھمەت بوۋا ! مەن چوقۇم سىز ئۇمىد قىلغاندەك ياخشى بالا بولۇشقا تىرىشىمەن ، بۇنىڭدىن كېيىن يالغان سۆزلىسەم دوست - بۇرادەرلىرىم ئالدىدا قارا يۈز بولۇپ كېتەي ! ... — دېدى .

بوۋاي خۇرجۇننى ئاختۇرۇپ ، كىچىككىنە بىر كىتابنى قولىغا ئالدى - دە ، ئۇنى قۇتلۇققا سۇنۇپ :

— تېپىۋالغان نەرسەڭنىڭ سۆيۈنچىسىنى ساڭا ئۆزۈم بېرەي . بۇ كىتاب ساڭا مەندىن يادىكار بولسۇن . ئۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان پەند - نەسى-ھەتلىرى يېزىلغان . بۇ ھېكمەتنى ئاغىنىلىرىڭگە ئوقۇپ بەرگىن . ياخشى ئۆگىنىڭلار ، ئەقىللىق بولۇڭلار ! ... — دېدى .

ناتونۇش بوۋاي سۆزىنى ئاياغلاشتۇرۇپ ، بالىلار بىلەن

تۆغلۇق ئاقىۋەتتە ئۆزىنىڭ كۆپچىلىك ئالدىدا مۇنداق ئىزاغا قېلىشىنى ئويلىمىغانىدى .

شۇڭا ، ئۇنىڭ قەلەمتىراچقا ئېسىلغان چاغدىكى بىشەملىكى سۇنۇپ ، نومۇس ۋە ئەلەم ئىچىدە «پاڭگىدە» يىغلىۋەتتى .



— مېنىڭ ! — ھۆرپەيدى تۆغلۇق .

— يالغان ئېيتىۋاتىدۇ ، قەلەمتىراچ مېنىڭ ! — دەپ ۋارقىرىدى ئاق سېرىق بالا .

— بۇ قەلەمتىراچنى سەن نەدىن ئالغان ؟ — دەپ سورىدى بوۋاي تۆغلۇقتىن .

— ئەسلىي دادامنىڭ ئىدى . كېيىن ، ماڭا بەرگەن . ئۈچ يىلدىن بېرى ئۇنى ئۆزۈم تۇتۇپ كېلىۋاتىمەن .

بوۋاي يەنە بىر بالىدىن سورىغانىدى ، ئۇ بۇ قەلەمتىراچنى بۇلتۇر يازدا پىچاقچى قوشنىسى ئىسمەت ئاكىنىڭ سوقۇپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتى . بوۋاي قەلەمتىراچنى كۆزدىگە يېقىن ئەكىلىپ ، سىنچىلاپ قارىغانىدى ، ئۇنىڭ تىغىغا ئويۇلغان بىر قاتار رەقەملەر ئوچۇق كۆرۈندى . ماھىر ئۇستا ئۆز قولىدىن چىققان بۇ ئەسۋابقا سوقۇلغان ۋاقتىنى ئويۇپ يېزىشنى ئۇنتۇمىغانىكەن . ئۇنىڭدىكى ۋاقىت ئاق سېرىق بالىنىڭ ئېيتقىنىغا دەلمۇدەل توغرا كېلەتتى .

— قەلەمتىراچ راستتىنلا سېنىڭ ئىكەن ، — دېدى بوۋاي ئۇنى ھېلىقى كىچىك بالىغا بېرىۋېتىپ ۋە بۇنداق دېيىشىدىكى سەۋەبنى بالىلارغا سۆزلەپ چۈشەندۈردى .

— يالغانچى ! ...

— قارا يۈز ! — ... دەپ ۋارقىراشتى بالىلار تۆغلۇققا دىۋەيلىشىپ .

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن بىرەر قەلەمتىراچنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كويىدا كۆيۈپ يۈرگەن

باللار ئۆچەيلىرى ئۆزۈلگۈدەك قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى، ۋارقىرىشاتتى.

قۇتلۇق ئاغىنىلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بوۋاينىڭ ئېشىكىنى ئۇتقا قويدى. مېھمانغا بولسا ئۇسسۇزلۇق، نان ۋە ھەر خىل مېۋە ـ چېۋىلەرنى كەلتۈرۈشتى. بوۋاي قورسىقىنى ئوبدان تويغۇزۇۋالغاندىن كېيىن، باللارغا ھەر خىل قىزىق پاراڭلارنى سېلىپ بەردى. خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشاش قىزىقچىلىق بىلەن ئۇلارنىڭ ئويۇنىغا قاتناشتى.

قۇتلۇق ئويۇن جەريانىدا قوش تىللىق بىر قەلەمتىراچنى تېپىۋالغانىدى. ئۇنى باللارغا كۆرسىتىپ:

— قاراڭلار ھوي، بۇ قەلەمتىراچ كىمنىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن، ئىككى بالا تەڭلا ئۇنىڭ قولىغا يېپىشتى:

— مېنىڭ قەلەمتىراچىم!...

بۇ باللارنىڭ بىرى خۇرجۇن بىلەن ئېشەكنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ، ئەمدىلا ئويۇنغا ئۈلگۈرۈپ كەلگەن تۇغلۇق، يەنە بىرى ئاق سېرىقتىنا كەلگەن، تۇرقىدىن ياۋاشلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر بالا ئىدى. بۇ ئىككىيلەننىڭ تالىشىشىنى كۆرگەن بوۋاي ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، قۇتلۇقنىڭ قولىدىن قەلەمتىراچنى ئالدى.

— ئالدىرىماڭلار باللار، بۇ دەتالاشنى مەن ئايرىپ قوياي، قەلەمتىراچ زادى قايسىڭلارنىڭ؟

ىنى قاشلىغىنىچە ، ئېڭىشىپ تۇرۇپ ، خۇرجۇنىنى ئاستى-دىن بىر چەتكىرەك تارتىپ چىقاردى ۋە قۇتلۇقنىڭ ياردىمى بىلەن ئاران دېگەندە سول مۈرىسىگە ئارتىۋالدى .

— ھەببەللى ، مانا بۇ ئىشىڭ جايىدا بولدى ! — دېدى بوۋاي تۇغلۇقنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ ۋە ئۆزىنىڭ باللىق چاغلىرىدا بىر قېتىم ئېشەككە مىنىپ ، سوكەنگە قاچىلانغان ئۆرۈكنى دۈمبىسىگە يۈدۈپ بازارغا بارغانلىقى توغرىسىدا باللارغا ھېكايە سۆزلەپ بەرگەچ يولنى داۋاملاشتۇردى .

* * *

ئۇلار مەھەللىگە يېتىپ كەلگەندە ، يول بويىدا ئويناۋات-قان بىر توپ بالا ناتونۇش بوۋايغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان قۇتلۇق بىلەن تۇغلۇقنى ئورىۋېلىشتى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، باللىرىم ! — دەپ سالام بەردى بوۋاي ئېشەكتىن چۈشۈۋېتىپ .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، بوۋا ! — دەپ چۇرقىراشتى باللار . تۇغلۇق تېخىچە مۈرىسىگە ئارتقلىق تۇرغان خۇر-جۇننىڭ ئېغىرلىقىدىن مۈكچىيىپ ، ئېشەك ئۈستىدە ئول-تۇراتتى . باللارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا يېپىشتى :

— ھوي ، بۇ نېمە قىلىق ؟

— ئېشەككە مىخلاپ قويۇلغاندەك ئولتۇرۇشىنى قا-راڭلار بۇنىڭ !...

— ھا ... ھا ... ھا ! ... ھا ... ھا ... ھا !...

تۇغلۇق بۇرنىنى بىر تارتىۋالدى ــ دە ، بوۋاي بىلەن قۇتلۇققا خىجىللىق ئىچىدە قاراپ قويۇپ ، ئىشەكتىن چۈشۈشكە تەمشەلدى .

ــ توختاپ تۇرغىن ، ئوغلۇم ! ــ دېدى بوۋاي تۇغلۇقنى توسۇپ ، ــ ئىشەكتىن چۈشمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمە .

تۇغلۇق راستتىنلا گاڭگىراپ قالدى .

ــ تېخى بايىلا «ئىشەككە ئىچىڭ ئاغرىماپتۇ» دېگەندىڭىز ، ئەمدى «چۈشمە» دەيسىز ، ئېيتىڭا ، زادى قانداق قىلسام بولىدۇ ؟

ــ ھەي ، يىگىت دېگەننىڭ شۇنچىلىك ئىشقىمۇ ئەقلى يەتمەمدىكەن ، بۇنىڭ چارىسى بەكمۇ ئوڭاي . ئۆزۈڭ ئىشەككە مىنىپ ئولتۇرۇۋېرىسەن ، خۇرجۇننى بولسا مۈرەڭگە ئارتىۋالىسەن . نەتىجىدە ، ئۆزۈڭمۇ پىيادە قالمايسەن ، ئىشەك بىچارىمۇ يۈكى يېنىكلەپ ئارام تاپىدۇ .

قۇتلۇق قاقاقلاپ كۈلۈۋەتمەكچى بولۇپ تۇراتتى ، بوۋاي ئۇنىڭغا كۆزىنى قىسىپ قويدى ھەم :

ــ بۇ ئاغىنەڭ مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشەنمەيۋاتسا كېرەك . لېكىن ، ئوغلۇم قۇتلۇق ، سەن مېنىڭ ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيدىغانلىقىمنى بىلىسەن . تۇغلۇق مەن دېگەندەك قىلسا ، زىيان تارتمايدۇ ، راستمۇ ؟ ــ دېدى .

ــ راست ! ــ دېدى قۇتلۇق كۈلكىسىنى ئارانلا بېسىپ تۇرۇپ . ئۇ ، بوۋاينىڭ تۇغلۇقنىڭ ئەقلىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىۋالغانىدى . تۇغلۇق گەددى-

جانلىنىپ ، كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى ۋە بوۋايغا ياندىشىپ :
— قۇتلۇق سىزنى چۆچەك ئېيتىشقا بەكمۇ ئۇستا ئىكەن دەيدۇ ، راستمۇ ؟ — دەپ سورىدى .
— راست ، — دېدى بوۋاي كۈلۈمسىرەپ .
— ئۇنداق بولسا ، مەھەللىگە يېتىپ بارغۇچە يەنە بىر چۆچەك ئېيتىپ بېرىڭ ، مەنمۇ ئاڭلاپ قالاي ، بولامدۇ ؟
— بولمايدىغان نېمىسى بار ، بولىدۇ . ئەقىللىق ، رەھىمدىل ۋە ئاق كۆڭۈل كىشىلەر چۆچەك ئاڭلاشقا تېخىمۇ ھېرىسمەن كېلىدۇ . بىراق ، ئوغلۇم ، سەن ئۇنچىۋالا رەھىمدىل بالا ئەمەستەك كۆرۈنىسەن .
تۇغلۇقنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى :
— سىز ... مېنىڭ رەھىمدىل ئەمەسلىكىمنى قانداق بىلدىڭىز ؟
— ئېشەككە مىنىپ كېتىپ بارغان مۇشۇ تۇرقۇڭدىن بىلدىم . قارىغىنا ، ئېشەك بىچارىگە ئىچىڭمۇ ئاغرىماپتۇ . ئۇنىڭغا شۇنچىۋالا يۈكنى ئارتقىنىڭ يەتمىگەندەك ، تېخى مىنىۋالغىنىڭنى كۆرمەمدىغان !
— دادام خۇرجۇننى ئېشەككە ئارتىپ ، ئۈستىگە مىنىۋال ، دېگەن ... — دەپ غودۇڭشىدى تۇغلۇق .
— داداڭ ئوغلۇم كىچىك ، ھېرىپ قالمىسۇن ، دەپ سېنى ئايىغان گەپ . بۇنىڭ ئۈچۈن سەنمۇ داداڭنى ئايىشىڭ لازىم - دە ! بىر ئائىلىنىڭ تىرىكچىلىكى مۇشۇ ئېشەك بىلەن ئېقىۋاتسا ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغاندا داداڭ يۈكنى ئۆزى يۈدۈمدۇ ؟

دەپ قالغان بالا ئالەمدىكى ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ ، خۇددى بوۋاينىڭ سايىسىگە ئوخشاش ، بوز ئېشەكنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭاتتى .

* * *

ئۇلار مەھەللىگە يېقىنلىشاي دېگەندە ، ئېشەكلىك بىر بالىغا يېتىشىۋالدى . بالىنىڭ ئېشىكىنىڭ ئۇستىگە كونىراپ كەتكەن چوڭ خۇرجۇن ئارتىلغان بولۇپ ، ئىككى كۆزىگە لىققىدە يۇك قاچىلانغانىدى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئوغلۇم ! — دېدى بوۋاي سالام بېرىپ ، — نەگە كېتىپ بارىسەن ؟

— ئۆيگە ! — دەپ جاۋاب بەردى بالا بىپەرۋا ھالەتتە يولنى داۋاملاشتۇرۇپ . شۇ ئارىدا قۇتلۇق بالىغا يانداشىپ سورىدى :

— نەدىن كېلىۋاتىسەن تۇغلۇق ؟

— تۇگمەندىن . سەنچۇ ؟

— مومامنىڭ ئۆيىدىن .

تۇغلۇق كۆز ئىشارىسى بىلەن بوۋاينى كۆرسىتىپ :

— بۇ كىم ؟ — دەپ پىچىرلىدى .

— بىر يولۇچى ... بەكمۇ قىزىقچى ئادەم ئىكەن . يولدا كەلگۈچە ماڭا قىزىق چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بەردى ...

ھەي ، دۇنيادا چۆچەك ئاڭلاشقا قىزىقمايدىغان بالىمۇ بارمىدۇ ؟ ... قۇتلۇقنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان تۇغلۇق بۆلەكچە

نى ئالدىغان ئەمەس ، ئۇ سېنىمۇ ئالدىمايدۇ . مانا ، مەسىـ
لەن ، ھازىر ئىسسىقتىن چاڭقاپ ، جېنىم تۇمشۇقۇمغا كېـ
لىپ قالغانلىقىغا ئىشىنىسەن ، شۇنداقمۇ ؟ ··· ھەببەللى ،
ئۇنداق بولسا ، كۆتۈرۈۋالغان قوغۇنۇڭنى پىچىپ يەيلى .
ئوغلۇم ، ماقۇلمۇ ؟

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە بالا سەل ئويلىنىپ قالدى .

— مومام بۇ قوغۇننى «ئاناڭغا ئالغاچ بارغىن» دەپ
بەرگەنىدى . ئۇنداق بولمىغاندا ···

— ھېچ ۋەقەسى يوق ئوغلۇم ، «يولدا ئۇسساپ كېـ
تىپ ، مومام ساڭا ئەۋەتكەن قوغۇننى يەۋەتتىم» دەپ راسـ
تىنى ئېيتساڭ ، ئاناڭ ساڭا كايىپ يۈرمەس .

بۇ گەپ بىلەن بالىنىڭ ئەندىشىسى كۆتۈرۈلۈپ ، كۆڭـ
لى يېنىكلەپ قالدى ۋە ئۆزىمۇ ئۇسساپ تۇرغاچقا ، قوغۇننى
پىچىپ يېيىشكە رازى بولدى . ئۇ ، قوغۇننى ئىككى قوللاپ
بوۋايغا سۇندى . بوۋاي قوغۇننى قولىغا ئېلىپ دەڭسەپ
باقتى ، ئاندىن ئالدىرىماي بۇرنىغا يېقىن ئەكىلىپ يېنىپ ـ
يېنىپ پۇرىدى ـ دە ، قوغۇننى قۇتلۇقتا سۇنۇپ رازىمەنلىك
بىلەن :

— ھە ، قۇتلۇقجان ، راسا ۋايىغا يېتىپ پىشقان قوغۇنـ
كەن ، يېگەندەك بولدۇم ، رەھمەت بالام ، ئەمدى ئاناڭنى
خۇش قىلغىن ، — دېدى .

قۇتلۇقجان بوۋاينىڭ ئاق كۆڭۈللۈكلۈكىدىن بەكمۇ
تەسىرلەندى . بوۋاي يول بويى بىر ـ بىرىدىن قىزىق ئىشـ
لارنى سۆزلەپ ماڭدى . كۇلۇۋېرىپ ئۈچەيلىرى ئۈزۈلەي

گە تىكىلگەن كۆزلىرىگە ، بالىلارچە سادىدا قىزغىنلىق ئىپا-
دىلىنىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ ، ئۆزىنى باسالماي قاقاقلاپ
كۈلۈۋەتتى :

— ھا ... ھا ... ھا ... ھا ... ! بوۋاڭنى تېخى ھېچكىم
يالغانچىلىقتا ئەيىبلىگەن ئەمەس . قېنى يىگىت ، بېرى
كەل ، ئىشەنمىسەڭ خورجۇنۇمنى ئېچىپ كۆرسىتەي ، ئۆز
كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ باق !

بوۋاي مەسە - كالاچ كىيگەن پۇتلىرىنى ئۇزەڭگىگە
تىرەپ ، ئازراق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى - دە ، ئاستىدىكى سە-
پەر خورجۇنىنى ئالدىغىراق سۈرۈپ ، خورجۇنىنىڭ ئوڭ تە-
رىپىنىڭ ئىزمىسىنى يېشىپ كۆرسەتتى :

— مانا قارا ، ئەمدىغۇ ئىشەنەرسەن ؟ ...

بالا قىزىقىش بىلەن بوۋاي ئېچىپ تۇرغان خورجۇننىڭ
ئىچىگە بوينىنى سوزۇپ قارىدى . نەرسە - كېرەكلەر ئارى-
سىدا خۇددى ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر
باغلام قىل تۇراتتى ! ... ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي ، تۇرۇپلا
قالدى . بۇ نەرسە ئېشەكنىڭ قۇيرۇقى ئەمەس ، بەلكى يولۇ-
چى ئاخشاملىرى دالا - ئۆتەڭلەردە قونغاندا ، پاشا - كۆمۈ-
تىلارنى قورۇيدىغان ، مەنزىلگە يېقىنلاشقاندا ئۇستىۋېشىغا
قونغان چاڭ - توپىلارنى قاقىدىغان سەپەر جابدۇقى —
قوتازنىڭ قۇيرۇقىدىن قىلىنغان چۇشىن قورۇغۇچ ئىكەنلى-
كىنى ئۇ نەدىنمۇ بىلسۇن ! ...

— مانا ، بۇ شۇنداق گەپ ، يىگىت ، — دېدى بوۋاي
سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، — بوۋاڭ ئۆز ئۆمرىدە كىشىلەر-

نېمە ؟

— قۇتلۇق .

— تولىمۇ ياخشى ئىسىمكەن ! خوش ، شۇنداق قىلىپ نەگە كېتىۋاتىسەن ؟

بالىنىڭ قارىمۇتۇق يۈزلىرىدىن ھارغىنلىق تارقاپ ، جانلىنىپ كەتتى ـ دە ، سۆزگە كىرىشتى :

— يۇقىرىقى مەھەللىگە موماملىنى يوقلاشقا بارغانىدىم . يېنىپ ئۆيگە كېتىپ بارىمەن .

— موماڭنى يوقلاپ كەلگىنىڭ بەكمۇ ياخشى بوپتۇ ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالساڭ ، بەختىڭ ئېچىلىپ ، ھاياتىڭ روناق تاپىدۇ .

— ئېشىكىڭىزنىڭ قۇيرۇقى قېنى ؟ — دەپ سورىدى بوۋايغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان بالا بوز ئېشەكنىڭ سوكال قۇيرۇقىنى كۆرسىتىپ .

— يولدا چاڭ ـ توپا ۋە پاتقاق بىلەن بۇلغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى كېسىۋېلىپ ، خورجۇنغا سېلىپ قويدۇم ، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي مۇغەمبىرانە كۈلۈمسىرەش بىلەن كۆزلىرىنى قىسىپ قويۇپ ، — ھە ، ئاغزىڭ نېمانچە كامار دەك ئېچىلىپ قالدى ، گېپىمگە ئىشەنمەيۋاتامسەنيا ؟

— مېنى كىچىك كۆرۈپ نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ ئالدىماڭ ، بوۋا ! — دېدى بالا لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ، — يالغان گېپىڭىزگە كىممۇ ئىشىنىدۇ ؟ !

بوۋاي ئۇنىڭ ھەيرانلىق ۋە سىناش نەزەرى بىلەن ئۆزد-

يەنىلا ئىسسىق ئىدى . يىراقتا سوزۇلغان يىلان باغرى يولدا تەرلەپ - تەپچىرەپ كېلىۋاتقان يولۇچى ئالدى تەرىپىدە ئادەم قارىسىنى كۆرگەندىن كېيىن ، ئىككى پۇتى بىلەن بوز ئېشەكنىڭ بىقىنىغا نوقۇپ ، يۈرۈشىنى تېزلەتتى :

— قېنى ، سالپاڭ قۇلاق بۇرادىرىم ، يەنە ئازراق غەيرەت قىلغىن ! ئەھۋالدىن قارىغاندا يۇرت ئىچىگە يېقىنلاپ قالغان ئوخشايمىز . ئادەملەر ئارىسىغا بېرىۋالساقلا ساڭا بوغۇز ، ماڭا ئوزۇق تېپىلىدۇ ۋە ئوبدان ئارام ئېلىۋېلىش پۇرسىتى چىقىدۇ .

بوز ئېشەك گويا ئىگىسىنىڭ سۆزلىرىنى چۈشەنگەندەك قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ، سىلىققىنا يورغىلاپ كەتتى . يولۇچى هايال ئۆتمەيلا قوغۇن كۆتۈرۈۋالغان بىر بالىغا يېتىشىۋالدى .

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئوغلۇم ، مۇنداق ئىسسىقتا ئۆيۈڭدە ئولتۇرماي ، قەيەرگە كېتىپ بارىسەن ؟

بالا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ، سالام بەرگۈچىگە باشتىن - ئاياغ سەپسېلىپ چىقتى . يولۇچى خۇددى چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان خىزىردەك ، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان ئاقساقال بوۋاي بولۇپ ، كىچىك سەپەردىشىغا دوستلارچە كۈلۈمسىرەش بىلەن قاراپ تۇراتتى .

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، هارمىغايلا بوۋا ! — دەپ بالا بوۋاينىڭ سالىمىغا ئەدەپ بىلەن جاۋاب قايتۇردى .

— ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن ، ئوغلۇم . ئەھۋالدىن قارىغاندا ئەدەپلىك ، ياخشى بالىدەك كۆرۈنىسەن ، ئىسمىڭ

## 7 . نەسرىدىن ئەپەندى باللار ئارىسىدا[1]

كىشىلەر نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە ئۇزاق يىللار بولدى ، دەپ يۇرۇشەتتى . ئەمما ، كېيىنكى چاغلاردا «نەسرىدىن ئەپەندى تېخى هايات ئىكەن ، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ، ئۇ قېرىپ ، ئاپئاق ساقاللىق بوۋايغا ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن يەنىلا تېتىك ۋە خۇشخۇي ئىكەن ، خۇددى ياشلىق چاغلىرىدىكىگە ئوخشاشلا قىزىقچىلىقنى قولدىن بەرمەي ، سوكال قۇيرۇق بوز ئېشىكىگە مىنىپ ، جاهان كېزىپ يۇرگەنمىش» دېگەن پاراڭلار كۆپىيىپ قالدى . بۇنداق مىش - مىش گەپلەرگە ھەممىلا ئادەم ئىشىنىپ كەتمەيدۇ ، ئەلۋەتتە . شۇنداقتىمۇ ، شەھىرىمىزگە ئانچە يىراق بولمىغان ئويتۆپە يېزىسىدا تېخى يېقىندىلا بولۇپ ئۆتكەن بىر ۋەقەدىن كېيىن ، پۈتكۈل يۇرت ئەھلى نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ هازىرمۇ هايات ئىكەنلىكىگە زادىلا گۇمان قىلمايدىغان بولۇشتى .

* * *

ياز مەۋسۇمى ئاخىرلىشاي دەپ قالغان بولسىمۇ ، هاۋا

---

① شۇ ناملىق هېكايىلەردىن ئازراق ئۆزگەرتىپ ئېلىندى .

تىلگەن سۆزلەرنى تېپىپ توغرىلاپ يېزىڭلار .

1) بىخەتەرسىزلىككە دىققەت قىلىڭ ، يىقىلىپ چۈشـ
مەڭ يەنە .

2) شوتىدىن مەھكەم ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ ، پۇتىڭىز چەكـ
سىز ئاغرىۋاتامدۇ ؟

3) قاتتىق بوران بۇ كۆچەتنى يىلتىزىدىن يۇلۇۋېتىپتۇ .

4) ئاپا ، ئالدىرىسىڭىز كېتىۋېرىڭ ، ئىشىكنى مەن
سولاپ قويىمەن .

دىققەت قىلىڭلار .

1 ) «مەرىپەت» كىتابخانىسى نەشر قىلغان ئامىباب پەننىي كىتابلار ناھايىتى ياخشى .

2 ) قەدىمكىلەرنىڭ : «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە ، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگىنى نېمىدېگەن توغرا ــ ھە !

3 ) ئادەم بەدىنى «كۆندۈزى ئىشلەش ، كېچىسى دەم ئېلىش» تىن ئىبارەت تۇرمۇش قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىدۇ .

4 . ھەجمى كىچىكرەك بىرەر ماقالىنى ئوقۇپ ، ئاساسىي مەزمۇنىنى تولۇق ئىگىلىۋېلىڭلار ، ئاندىن باشقا ساۋاقداشلىرىڭلارغا مېغىزلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرىڭلار .

5 . ئوقۇغان كىتابلاردىن خاتىرە يېزىش ئىدىيىۋى تونۇشىمىزنى ۋە تىل ـ ئەدەبىيات سەۋىيىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ . كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى ئادەتتە مۇنداق ئۈچ خىل ئۇسۇلدا يېزىلىدۇ : بىرى ، تېزىس يېزىش ؛ يەنە بىرى ، تەسىرات يېزىش ؛ ئۈچىنچىسى ، جۈملىلەردىن ئۈزۈندە يېزىش . «كىتاب ئوقۇشتىن خاتىرە» دېگەن تېكىست ئىككىنچى خىل ئۇسۇلدا يېزىلغان .

ئوقۇپ ئۆتكەن تېكىستلەر ياكى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتتا ئوقۇغان ئەسەرلىرىڭلاردىن ئۆزۈڭلار ئەڭ ياخشى كۆرگەن بىرىنى تاللاپ ، ئالدى بىلەن تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىڭلار ، ئاندىن ئىككىنچى خىل خاتىرە يېزىش ئۇسۇلى بويىچە ، بىر پارچە كىتاب ئوقۇش خاتىرىسى يېزىڭلار . تەسىرى ئەڭ زور بولغان قىسمىنى تەپسىلىي يېزىڭلار .

6 . تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەردىكى نامۇۋاپىق ئىشلە-

## ئىككىنچى مەشىق

1 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭلار ، ئۇلارنىڭ مەنىسىدىكى ئوخشىماسلىقلارنى تېپىڭلار .

تونۇشتۇرۇش — تېپىشتۇرۇش

تاپشۇرۇش — ھاۋالە قىلىش

چۈشەندۈرۈش — يېتەكچىلىك قىلىش

ھىمايە قىلىش — ياقلاش

2 . تۆۋەندىكى خەلق ماقاللىرىنى ئوقۇپ ، مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار .

△ قولۇڭدىن كەلسە ، ئەلدىن ئايىما .

△ ئەل ئىچى — ئالتۇن بۆشۈك .

△ ئۆز ئېلىڭنىڭ نېنىنى يە ،
كېچە - كۈندۈز غېمىنى يە .

△ ئەخلاق ھەم پەزىلەت ئادەم زىننىتى ،
ئەخلاقسىز كىشىنىڭ يوقتۇر قىممىتى .

△ بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىڭنى ،
بىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى .

△ ھايات چەكلىك ، بىلىم چەكسىز .

3 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار . قوش تىرناق ( « » ) نىڭ قانداق جايلاردا قوللىنىلغانلىقىغا

لەن مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن خەتتىن قارى-
غاندا، مۇنداق چوڭقۇر بىر تەسىراتقا ئىگە بولىمىز: لۇشۈن
ئەپەندى ياشلارغا ئىنتايىن قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ، خەت
يازغۇچى گەرچە راست ئىسمىنى ئىشلەتمىگەن بولسىمۇ، ئۇ
يەنىلا ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ تىرىشىپ ئۆگىنىشى زۆرۈر-
لۈكىنى سەمىمىي هالدا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ دۈشمەنلەر-
گە ئىنتايىن ئۆچ، رەھىمسىز ئاق تېررورلۇق ئالدىدىمۇ
سۆزلەشكە ۋە ئىشلەشكە جۈرئەتلىك بولۇپ، قىلچىمۇ قور-
قۇنچاقلىق قىلمايدۇ. بۇ خەتتىن لۇشۈن ئەپەندىنىڭ ئۇلۇغ
روھىنىمۇ ھېس قىلالايمىز.

ئاشۇرۇش سۆزلەنگەن . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن مۇ-
ھىم ، شۇڭا تەپسىلىي ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش كېرەك .
كىتاب ئوقۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشتىن تاشقىرى ،
خەتتە يەنە ئۈچ ئىش سۆزلەنگەن ، بۇلار گەرچە ئاساسلىق
مەزمۇن بولمىسىمۇ ، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك جايلىرى
بار - يوقلۇقىنى ئويلاپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ . مەسى-
لەن ، «شاپتۇل چېچىكىدىن گەپ ئاچسام ، ئۇنى شاڭخەيدى-
مۇ كۆرگەنمەن» دېگەن ئابزاستا : «شاپتۇل چېچىكىنى كۆ-
رمەن دېگەن ئادەم ئۇنىڭ مەشھۇر ماكانى بولغان لۇڭخۇاغا
بارسا بولىدۇ . ئەپسۇسكى ، ئۇ يەردە قۇشخانىمۇ بار ، مې-
نىڭ بىرنەچچە ياش بۇرادىرىم شۇ يەردە ئۆلدى ، شۇڭا مەن
ئۇ يەرگە بارمايمەن» دېگەن جۈملىلەر بار . لۇشۈن لۇڭخۇاغا
بېرىپ شاپتۇل چېچىكىنى كۆرۈشنى خالىمايدىغانلىقىنى يې-
زىش ئارقىلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن ئۆل-
تۈرۈلگەن ياش بۇرادەرلىرىنى مەڭگۈ ئەسلەيدىغانلىقىنى ئى-
پادىلىگەن . بۇ خەت 1936- يىلى يېزىلغان ، بەش نەپەر
ياش يازغۇچى 1931 - يىلى ئۆلتۈرۈلگەن . لۇشۈن بۇ
سۆزلەرنى ئاق تېررورلۇق ئاستىدا يازغان ھەمدە «ئۇ سۆز-
لەرنى قىلغان ئىكەنمىز ، ئېلان قىلىشتىن قورقماسلىق
كېرەك» دەيدۇ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ھېچنېمىدىن
قورقمايدىغان ئىنقىلابىي روھىنى ئىپادىلەپ بېرىپ ، ئۇنىڭ
ئەكسىيەتچىلەرگە بولغان نەپرىتى ۋە مەنسىتمەسلىكىنى ئى-
پادىلەيدۇ .
كېيىنكى ئۈچ ئابزاسنىڭ مەزمۇنى كىتاب ئوقۇش بى-

لىكى كۆرسىتىلىدۇ . بۇ تۆت ئىش ئىچىدە كىتاب ئوقۇش — ئاساسىي مەزمۇن ، ئۇ ئۈچ ئابزاستا يېزىلغان ؛ قالغان ئۈچ ئىش ئىككىنچى ئورۇندىكى مەزمۇن . بۇ تۆت ئىش ئارىسىدا ھېچقانداق مۇقەررەر باغلىنىش يوق ، ھەممىسىلا يەن لىمىننىڭ خېتىگە بېرىلگەن جاۋابتىن ئىبارەت .

خەتتە ، كىتاب ئوقۇش ھەققىدە ئۈچ ئابزاس يېزىلغان بولۇپ ، ھەربىر ئابزاستا بىر قاتلام مەنە بار . بىرىنچى قاتلامدا ، يەن لىمىن لۇشۈننىڭ ئەسەرلىرىنىلا يارىتىپ ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېيتقاندا ، لۇشۈننىڭ بىرلا ئادەمنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇۋېرىشنىڭ نەتىجىسى ئانچە ياخشى بولمايدۇ ، دېگەنلىكى سۆزلىنىدۇ . ئىككىنچى قاتلام بىرىنچى قاتلامنىڭ داۋامى ئاساسىدا كەلتۈرۈلۈپ چىقىرىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا ، ئەگەر نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرگەندە ، ھەممىسىلا ئەدەبىي ئەسەرلەر بولۇپ كەتسىمۇ ياخشى بولمايدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ . ئۈچىنچى قاتلام تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتىلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭدا دۇنيا ساياھەت خاتىرىلىرى ۋە كىنولارنى كۆرۈش كېرەكلىكىمۇ سۆزلىنىدۇ .

لۇشۈن ئۆز تەشەببۇسىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ، پاكىت ۋە ئاساسلارنى تەپسىلىي ئىزاھلاپ ئۆتكەن . بىرىنچى قاتلامدا ، ھەسەل ھەرىسىنىڭ شىرنە يىغقىنىغا ئوخشاش بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان ؛ ئىككىنچى قاتلامدا ، ئىلىم - پەننى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تىلغا ئالغان ؛ ئۈچىنچى قاتلامدا ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ، بىلىمنى

يېزىقچىلىق

# ئاساسىي ۋە ئىككىنچى ئورۇندىكى مەزمۇنلار

بىر پارچە ماقالىنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭدىكى قايسى مەز- مۇنلارنىڭ ئاساسلىق، قايسى مەزمۇنلارنىڭ ئىككىنچى ئو- رۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئىنچىكىلىك بىلەن پەرق ئېتىش لازىم. ئاساسلىق مەزمۇننى ئەستايىدىل ئىگىلەش كېرەك، ئەگەر چۈشەنچە نىسبەتەن چوڭقۇر بولسا، ئاپتورنىڭ بۇ ماقالىنى نېمە ئۈچۈن يازغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

مەسىلەن، لۇشۈن ئەپەندىنىڭ «يەن لىمىنگە مەك- تۇپ»نى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن بۇ خەتتە قايسى ئىشلار يېزىلغانلىقىغا دىققەت قىلىش، ئاندىن ئۇنىڭ ئىچىدە نېمىنىڭ ئاساسىي ئورۇندا، نېمىنىڭ ئىككىنچى ئورۇندا يېزىلغانلىقىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

«يەن لىمىنگە مەكتۇپ» جەمئىي ئالتە ئابزاس بولۇپ، ئۇنىڭدا تۆت ئىش سۆزلىنىدۇ: 1. كىتابنى قانداق ئوقۇش سۆزلىنىدۇ؛ 2. شاخەيدە شاپتۇل چېچىكىنى كۆرۈش سۆزلىنىدۇ؛ 3. خەتنى ئېلان قىلىشقا قوشۇلغانلىقى سۆز- لىنىدۇ؛ 4. خەت يازغۇچىنىڭ ئىسمى راست ئىسىم ئەمەس-

شۇن ئەپەندىنىڭ ئەسىرىنى ئېلان قىلماقچى جاي چىقمايمۇ قالامدۇ؟ بۇ مەسىلىلەرنى ئوقۇتقۇچىدىن سوراپ چۈشىنىۋالدىم.

بەزىلەر «ئاينىڭ كەمتۈك بولۇپ قالغانلىقىنى، گۈل-غۇنچىلارنىڭ تۇزۇپ كەتكەنلىكىنى» كۆرۈپ، «كۆزلىرىگە ياش ئېلىشىدىكەن»، مەن قەدىمكى زاماندىكى ئۇنداق كىشىلەردىن ئۆگەنمەيمەن.

**كۆنۈكمە**

1. تېكىستنى مۇستەقىل ھالدا ئوقۇپ، تۆۋەندىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈڭلار، ئاندىن مۇزاكىرە قىلىڭلار.

1) ئاپتور «يەن لىمىنگە مەكتۇپ» نى قانداق ئوقۇپ چىققان؟ بۇنىڭدىن كىتاب ئوقۇشنىڭ قانداق ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ؟

2) بۇ كىتاب ئوقۇش خاتىرىسىدە، «يەن لىمىنگە مەكتۇپ» تىكى بەزى جۈملىلەرنى دەسلەپتە ئانچە چۈشەنمىگەنلىكى يېزىلغان، ئۇ جۈملىلەر قايسى؟ سىز بۇ جۈملىلەرنى چۈشەندىڭىزمۇ؟

2. كىتاب ئوقۇش خاتىرىسىنى قانداق يېزىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

دەملەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە ماددىي مەھسۇلاتلىرى بىلەن تونۇشقىلى بولىدۇ . »

بىرنەچچە كۈن بۇرۇن شىمالىي قۇتۇپنى تەكشۈرۈش ھەققىدىكى بىر پارچە كىتابنى ئوقۇپ چىقتىم . ئۇ كىتابتا مورىز بىلەن ئاق ئېيىق توغرۇلۇق سۆزلىنىپتۇ . ئاق ئېيىق قارىماققا ناھايىتى كېلەڭسىز ۋە قوپال بولسىمۇ ، لېكىن سۇدا بەكمۇ تېز ئۈزىدىكەن . شىمالىي قۇتۇپتا ئېسكىموس مىللىتى ئولتۇراقلىشىپ ياشايدىكەن . ئۇلار ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن كىيىم كىيىپ ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يەيدىكەن ، مۇزدىن ياسالغان ئۆيلەردە ئولتۇرىدىكەن ، ئۇۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن . نېمەدېگەن قىزىقارلىق ـ ھە ! بۇنىڭدىن كېيىن مەن ساياھەت خاتىرىلىرىنى كۆپرەك تېپىپ ئوقۇيمەن .

«يەن لىمىنگە مەكتۇپ»نىڭ بەزى جۇملىلىرىنى ئوقۇپ باشتا ئانچە چۈشىنەلمىدىم . مەسىلەن :

«ھېلىقى كىتابلارنىڭ تەگكەنلىكىدىن ۋاقىپ بولدۇم ھەم خاتىرجەم بولدۇم» ، كىتابلارنىڭ تەگكەن ـ تەگمىگەنلىكى لۇشۇن ئەپەندىنى نېمىشقا شۇنچە ئەنسىرىتىدۇ ؟

«شاپتۇل چېچىكىنى كۆرىمەن دېگەن ئادەم ئۇنىڭ مەشھۇر ماكانى بولغان لۇڭخۇاغا بارسا بولىدۇ . ئەپسۇسكى ، ئۇ يەردە قۇشخانىمۇ بار» ، بىرنەچچە ياش بۇرادىرىنىڭ قۇشخانىدا ئۆلگەنلىكىنى نېمىشقا ئېيتىپ ئۆتىدۇ ؟

«مېنىڭ مەكتۇپىمنى ئېلان قىلماقچى بولسىڭىز ، ... » دېگەن ئابزاستىكى سۆزلەرنىمۇ ئانچە چۈشىنەلمىدىم . لۇ-

بەزىلىرىنىڭ تىلى ئىنتايىن باي ، بەزىلىرىنىڭ تىلى ئالاھىدە جانلىق . بۇ كىتابلارنى ئوقۇپ ئىدىيە جەھەتتە يۇكسىلىش ھاسىل قىلدىم ، تىل ۋە ئەدەبىيات جەھەتتىمۇ ئالغان پايدام ئاز بولمىدى . ئوقۇتقۇچىنىڭ ئېيتىشىچە ، مېنىڭ ئوقۇش قابىلىيىتىم ئۆسۈپتۇ ، ئەسەر يېزىشتىمۇ مەندە ئىلگىرىلەش بوپتۇ . مەن تېخىمۇ تىرىشىمەن .

ئىككىنچى نۇقتا : «مەخسۇس ئەدەبىي ئەسەرنىلا كۆرۈشمۇ ياخشى ئەمەس» .

بۇ نۇقسانىنى مەن تۈزىتىمەن . مەن ئەدەبىي كىتابلارنى ئوقۇشنى ، بولۇپمۇ ئۇرۇش ھەققىدىكى كىتابلارنى ياخشى كۆرىمەن . رازۋېدچىكلارنىڭ كىيىملىرىنى ئۆزگەرتىپ دۈشمەن ئۇۋىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەنلىكى ، قورقماس باتۇرلارنىڭ يالغۇز ئۆزى دۈشمەنلەرنى ئەسىرگە ئالغانلىقى ھەققىدىكى كىتابلارنى كۆرسەملا قولۇمدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ كېتىمەن ، باشقا كىتابلار مېنى ئانچە قىزىقتۇرالمايدۇ . ئاكام بولسا باشقىچە ، ئۇنىڭ قىزىقىشىمۇ ، كۆرىدىغان كىتابلىرىنىڭ دائىرىسىمۇ كەڭ ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇشتىن تاشقىرى ، پەننىي كىتابلارنى ئوقۇشنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ . ئۇ ، دائىم ماڭا بەزى ئاممىباب پەننىي كىتابلارنىمۇ ئوقۇغىن ، دەپ نەسىھەت قىلىدۇ . مەن ئۇنىڭدىن ئۆگىنىمەن ، ھەرگىز لۇشۈن ئەپەندى ئېيتقاندەك «ئاددىي ساۋاتلارنىمۇ بىلمەيدىغان» كىشىلەردىن بولمايمەن .

ئۈچىنچى نۇقتا : «دۇنيا ساياھەت خاتىرىلىرىنى ئوقۇسىڭىزمۇ بولىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئەللەردىكى ئا-

# 6*. كىتاب ئوقۇشتىن خاتىرە

مەن بۈگۈن «يەن لىمىنگە مەكتۇپ»نى ئوقۇپ چىقتىم. لۇشۈن ئەپەندىنىڭ ئەسىرىنى دەسلەپكى قېتىم قولۇمغا ئالغانلىقىم ئۈچۈن، ئالاھىدە دىققەت بىلەن ئوقۇدۇم.

«يەن لىمىن» دېگەننىڭ راست ئىسىم ئەمەسلىكىنى لۇشۈن ئەپەندى بىر قاراش بىلەنلا بىلىۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يەنىلا ئىنتايىن سەمىمىيلىك بىلەن جاۋاب خەت يېزىپ، يەن لىمىننىڭ كىتابنى قانداق ئوقۇش لازىملىقىغا يېتەكچىلىك قىلغان. مەن بۇنى يىغىنچاقلاپ كۆرسەم ئۈچ نۇقتا بويىچە سۆزلەپ ئۆتۈپتۇ:

بىرىنچى نۇقتا: «بىرلا ئادەمنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇۋېرىشنىڭ نەتىجىسى ئانچە ياخشى بولمايدۇ»، چۈنكى بۇنداق قىلغاندا، «كۆپ تەرەپلىمە بەھرە ئېلىشتىن مەھرۇم بولۇپ قالىسىز».

مەن شۇ بويىچە ئىش قىلدىم. ئىككى يىل ئىچىدە، ئوقۇتقۇچى تونۇشتۇرغان نۇرغۇن كىتابلارنى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا كۆرۈپ چىقتىم. بۇ كىتابلارنى ھەر خىل ئاپتورلار يازغان بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكى بار، بەزىلىرىنىڭ ۋەقەلىرى مۇرەككەپ ۋە تەسىرلىك، بەزىلىرىنىڭ پېرسوناژلىرى جانلىق، تېتىك،

بولۇپ قالىدۇ .

2 ) شاپتۇل چېچەكنى كۆرمەن دېگەن ئادەم ئۇنىڭ مەشھۇر ماكانى بولغان لۇڭخۇاغا بارسا بولىدۇ . ئەپسۇسكى ، ئۇ يەردە قۇشخانىمۇ بار ، مېنىڭ بىر نەچچە ياش بۇرادىرىم شۇ يەردە ئۆلدى ، شۇڭا مەن ئۇ يەرگە بارمايمەن .

3 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭلار ۋە مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار .

ۋاقىپ بولۇش    خاتىرجەم بولۇش    يارىتىپ ئوقۇش
ئېقىم مەسىلىلىرى    بەھرە ئېلىش    ئۆرپ ـ ئادەت
ماددىي مەھسۇلات    ناتايىن    قۇشخانا    مەكتۇپ
بىخەستەلىك    ئىمزا    تەبىئەت ھادىسىسى

بۇ تېكىستنى لۇشۈن ئەپەندى 1936-يىلى 9-ئاينىڭ 5-كۈنى [illegible] «[illegible]»

لۇشۈن 1881-يىلى جۇڭگونىڭ جېجياڭ ئۆلكىسى شاۋشىڭ ناھىيىسىدە تۇغۇلغان 1936-يىلى [illegible] ئەسلى ئىسمى جۇ شۇرېن [illegible] [illegible] ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى داڭلىق يازغۇچى، مەشھۇر ئەدىب [illegible]

ئاخىرىدا ، سىزنىڭ بىخەستەلىك قىلغان بىر يېرىڭىز-نى ئېيتىپ قوياي : سىز ئۆز ئىسمىڭىزنى ئۆچۈرۈپ ئۆز-گەرتىپسىز . ئۆز ئىسمىنى خاتا يېزىپ قويىدىغان ئادەم ئاز بولىدۇ . دېمەك ، بۇ ئەھۋالدىن ئۆز ئىمزايىڭىزنىڭ ياسىما ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ .

يەنە سىز « ئاياللار تۇرمۇشى » دىكى «كىچىك بالا توغرىسىدا» دېگەن ماقالىنى ئوقۇغان ئوخشىمامسىز ؟

خەير ، سۆزۈمنى ئاخىرلاشتۇراي .

ئامانلىقىڭىزنى تىلەپ :

لۇشۈن

1936 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ، كېچە .

## كۆنۈكمە

1 . لۇشۈن «يەن لىمىنگە مەكتۇپ» تا قانچە ئىشنى سۆزلىگەن ؟ قايسى ئىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ سۆزلى-گەن ؟

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ، ئۇلارنىڭ مەنىسى-نى ئېيتىپ بېرىڭلار ھەمدە ئاستى سىزىلغان سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار .

1 ) بىرلا ئادەمنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇۋېرىشنىڭ نەتى-جىسى ئانچە ياخشى بولمايدۇ ، كۆپ تەرەپلىمە بەھرە ئېلىش-تىن مەھرۇم قالىسىز . ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاش بولۇش كېرەك ، نۇرغۇن گۈل - چېچەكلەرنىڭ شىرنىسىنى سۈ-مۈرگەندە ، ئاندىن ھەسەل چىقارغىلى بولىدۇ . ئەگەر بىر جايغىلا قونۇۋالسا ، نەتىجە ناھايىتى چەكلىك ، بەرىكەتسىز

سىزكىن تاڭ؟ . مەن كۆرۈپ تۇرىمەن ، «پەرىزانقا يولۇ-
قۇش» ، «گۆھەر ئىزدەش» دېگەندەك مەزمۇنلاردىكى كىنو-
لارنى كۆرمەيمەن . ئافرىقا قىتئەسى ۋە جەنۇبىي ، شىمالىي
قۇتۇپ بىلەن ئالاقىدار فىلىملەرنى كۆرىمەن ، چۈنكى مەن
شۇنداق ئويلايمەنكى ، كەلگۈسىدە ئافرىقا قىتئەسىگە ياكى
جەنۇبىي ، شىمالىي قۇتۇپلارغا بېرىشىم ناتايىن ، كىنو فى-
لىملىرىدىن بولسىمۇ ئاز - پاز ساۋات ئېلىپ قوياي .
شاپتۇل چېچەكلىرىدىن گەپ ئاچسام ، ئۇنى شاخچەيدىمۇ
كۆرگەنمەن . سىز شاخچەيگە كېلىپ باققانمىدىڭىزكىن
تاڭ؟ بېيجىڭدا ئۆيلەر بىر قەۋەت ، ھويلىسى كەڭ بولىدۇ ،
شاخچەيدە بولسا ئۆيلەر قەۋەت - قەۋەت بولىدۇ ، ھەتتا
توپىلىق يەرنى ئۇچرىتىشمۇ تەس . بىزنىڭ ئۆيىمىزنىڭ ئال-
دىدا تۆت چى كەلگۈدەك بىر پارچە توپىلىق يەر بار ئىدى ،
بۇلتۇر بىر تۈپ شاپتۇل تىكىپ قويغانىدىم ، بۇ يىل ئېچىل-
دى . ناھايىتى ئاز ئېچىلغان بولسىمۇ ، ھەرھالدا كۆرگەن
بولدۇم . شاپتۇل چېچەكلىرىنى كۆرىمەن دېگەن ئادەم ئۇنىڭ
مەشھۇر ماكانى بولغان لۇڭخۇاغا بارسا بولىدۇ . ئەپسۇسكى ،
ئۇ يەردە قۇشخانىمۇ بار ، مېنىڭ بىرنەچچە ياش بۇرادىرىم
شۇ يەردە ئۆلدى ، شۇڭا مەن ئۇ يەرگە بارمايمەن .
مېنىڭ مەكتۇپىمنى ئېلان قىلماقچى بولسىڭىز ، ئې-
لان قىلىدىغان ئورۇن چىقسا ، مەيلى ، مەن قوشۇلىمەن .
بىز ئاشكارا ئېيتقىلى بولمىغۇدەك گەپ - سۆز قىلىشمى-
دۇققۇ؟ ئەگەر ئۇنداق گەپ - سۆزلىرىمىز بولۇپ قالسا ،
ئۇ سۆزلەرنى قىلغان ئىكەنمىز ، ئېلان قىلىشتىن قورقماس-
لىق كېرەك .

ئىلگىرىكى ئەدەبىياتچى ياشلار ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمى-
يە، تارىخ، جۇغراپىيە، بىئولوگىيىلەرنى ياراتمايتتى، ئۇ-
لارنى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ، دەپ قارايتتى، شۇنىڭ
ئۈچۈن كېيىنكى چاغلاردا ئاددىي ساۋاتلارنىمۇ بىلمەيدىغان
بولۇپ قالغان، ئۇلار ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە
بىر نەرسىنى بىلىمىگەننىڭ ئۈستىگە، ئۆزلىرى يازغان ئە-
سەرلەرمۇ قاملاشمىغان. دېمەك، ئەدەبىياتقىلا بېرىلىپ
كەتمەي، باشقا پەنلەرگىمۇ بېرىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلى-
مەن. مەسىلەن ئېيتايلى، قەدىمكى ئادەملەرنىڭ ئاينىڭ
كەمتۈك بولۇپ قالغانلىقىنى، گۈل - غۇنچىلارنىڭ توزۇپ
كەتكەنلىكىنى كۆرگەندە، مەيۈسلىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئال-
غانلىقىنى ئەپۇ قىلىشقا بولىدۇ، ئۇ چاغلاردا تەبىئىي پەن
ئانچە تەرەققىي قىلمىغاچقا، ئۇلار ئۇنىڭ تەبىئەت ھادىسىسى
ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ئەلۋەتتە. ئەگەر ھازىرقى ۋاقىت-
تىكى ئادەملەرمۇ كۆز يېشى قىلىدىغان بولسا، ئۇنداق ئا-
دەملەرنىڭ ئۆزى ئەخمەق. مەن باللار ئوقۇشلۇقلىرىغا
ئەزەلدىن ئەھمىيەت بەرمەيتتىم، شۇنىڭ ئۈچۈن قايسى
كىتابلارنىڭ لايىق ئىكەنلىكىنى ھازىر ئېيتىپ بېرەلمەي-
مەن. «مەرىپەت» كىتابخانىسى نەشر قىلغان ئاممىباب پەن-
نىي كىتابلارنىڭ ئىچىدىن بىر نەچچىسى تېپىلىپ قېلىشى
مۇمكىن، تەكشۈرۈپ، ئاندىن ئۇچۇرىنى بېرەي.

ئاندىن قالسا، دۇنيا ساياھەت خاتىرىلىرىنى كۆرسى-
ڭىزمۇ بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئەللەردىكى ئادەم-
لەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە ماددىي
مەھسۇلاتلىرى بىلەن تونۇشقىلى بولىدۇ. كىنو كۆرۈۋاتام-

# 5 . يەن لىمىنگە مەكتۇپ



لۇشۈن

يەن لىمىن ئەپەندى :

10 - ئاپرېل يازغان خېتىڭىزنى تونۇگۇن تاپشۇرۇۋېلىپ ، ھېلىقى كىتابلارنىڭ تەگكەنلىكىدىن ۋاقىپ بولدۇم ھەم خاتىرجەم بولدۇم . مېنىڭ ئەسەرلىرىمنىلا يارتىپ ئوقۇيدىغانلىقىڭىزنى يېزىپسىز ، بۇ مېنىڭ دائىم ئېقىم مەسىلىلىرى ئۈستىدە يازىدىغانلىقىمدىن بولغان بولسا كېرەك . بىراق ، بىرلا ئادەمنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇۋېرىشنىڭ نەتىجىسى ئانچە ياخشى بولمايدۇ ، كۆپ تەرەپلىمە بەھرە ئېلىشتىن مەھرۇم بولۇپ قالىسىز . ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاش بولۇش كېرەك ، نۇرغۇن گۈل - چېچەكلەرنىڭ شىرنىسىنى سۈمۈرگەندە ، ئاندىن ھەسەل چىقارغىلى بولىدۇ . ئەگەر بىر جايغىلا قونۇۋالسا ، نەتىجە ناھايىتى چەكلىك ، بەرىكەتسىز بولۇپ قالىدۇ .

مەخسۇس ئەدەبىي ئەسەرنىلا كۆرۈشمۇ ياخشى ئەمەس .

## كۆنۈكمە

1 . تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار :

1 ) قەدىرلىك ساۋاقداش ، سىز خەت ۋە كۈندىلىك خاتىرە يازغاندا قانداق قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدىڭىز ؟

2 ) تېكىستكە ۋە ئۆز ئەمەلىيىتىڭلارغا بىرلەشتۈرۈپ ، قانداق قىلغاندا ئەسەرنى ياخشى يازغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەر ئىپادىلىگەن مەنىنى ئېيتىپ بېرىڭلار .

1) بېيجىڭدىكى هايۋانات باغچىسىغا بارمىغان كىشى ئوقۇسا ، «شۇ ئەھۋالنى ئۆزى كۆرگەندەك» ھېس قىلاتتى .

2) ئوقۇتقۇچى ئۇنى ئوقۇش ، يېزىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئېپىنى تېپىۋالدى ، دەپ قارايدىكەن .

3) تىل ـ ئەدەبىيات — بىر ئاساسىي پەن .

نەتىجىسىدىن ئوقۇتقۇچى ناھايىتى مەمنۇن ئىكەن ، يازغان
ماقالىسىنى ئالاھىدە ماختايدىكەن ھەمدە ئۇنى ئوقۇش ، يې-
زىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئېپىنى تېپىۋالدى ، دەپ
قارايدىكەن .

تىل ۋە ئەدەبىيات — بىر ئاساسى يەن . تىل -
ئەدەبىياتنى ياخشى ئۆگەنگەندىلا ئاندىن كىتابلارنى ، گې-
زىت- ژۇرناللارنى بىمالال ئوقۇپ چۈشىنەلەيمىز . خەت -
چەك ۋە ماقالىلەرنى تەلەپكە لايىق يازالايمىز . سىلەرنىڭ
ھازىرقى ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىڭلاردا ئىدىيىۋىلىكى ناھا-
يىتى كۈچلۈك بولغان ، ياخشى يېزىلغان ھەر خىل ژانىردى-
كى نۇرغۇن ئەسەرلەر بار ، ئوقۇتقۇچىلارمۇ ناھايىتى ياخشى
يېتەكچىلىك قىلىدۇ ، سىلەر ئۆگىنىشنىڭ بۇ پۇرسىتىنى
چىڭ تۇتۇپ ، لېكسىيىنى ئوبدان ئاڭلىشىڭلار ، خاتىرىنى
ئوبدان يېزىشىڭلار لازىم ، ھەربىر سۆزنى مۇۋاپىق ۋە توغرا
ئىشلىتىشىڭلار كېرەك . پەقەت قېتىرقىنىپ تىرىشىدىغانلا
بولساڭلار ، كۈندىلىك خاتىرىنى ياخشى يازغان ھېلىقى كى-
چىك دوستقا ئوخشاش ئوقۇش ۋە يېزىش قابىلىيىتىڭلارنى
داۋاملىق يۇكسەلدۈرەلەيسىلەر . تىل ۋە يېزىقتىن ئىبارەت
بۇ قورالنى ياخشى ئىگىلىۋالىغان ۋاقتىڭلاردا چەكسىز
خۇشاللىق ھېس قىلىسىلەر ، ئەسىرىڭلارنى ئوقۇغانلارمۇ
شادلىنىدۇ .

كېيىن يەنە سۆزلىشەرمىز ، يېڭى ئوقۇش يىلىدا تىل
ۋە ئەدەبىياتنى ياخشى ئۆگىنىشىڭلارغا تىلەكداشمەن :

دوستۇڭلار بىڭشىن

1959 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ، بېيجىڭ .

ۋە ھەر ئايدا دېگۈدەك يېڭى - يېڭى تۈرلەر قوشۇلۇپ تۇرۇۋاتىدۇ» دېگەنىدىم. يەنە مېنىڭ ئۇلارغا چەت ئەللەردىكى نۇرغۇنلىغان ھايۋانات باغچىلىرىنىڭ ئەھۋاللىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرىمنىمۇ رەتلىك، ئىدىتلىق قىلىپ يېزىپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى رەتلىك يېزىلغان بولۇپ، بىرمۇ ئىملا خاتاسى يوق ئىدى، ئوقۇغان كىشى ناھايىتى ھۇزۇرلىناتتى. بېيجىڭدىكى ھايۋانات باغچىسىغا بارمىغان كىشى ئوقۇسا، «شۇ ئەھۋالنى ئۆزى كۆرگەندەك» ھېس قىلاتتى.

كېيىن، بۇ بالىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئانىسىنىڭ ماڭا ئېيتقان سۆزلىرى مېنىڭ بۇ بالىغا بەرگەن باھايىمنىڭ ئەمەلىي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى: ئۇ ياخشى ئوقۇغۇچى بولۇپ، تىل ۋە ئەدەبىيات دەرسلىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن. ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتكەندە ھەمىشە كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، دەرسنى ناھايىتى ياخشى خاتىرىلەيدىكەن، ئىملا خاتاسى بەك ئاز ئىكەن؛ بولۇپمۇ ئۇ كىتاب ئوقۇشقا ئامراق بولۇپ، ئوقۇتقۇچى تونۇشتۇرغان كىتاب - ژۇرناللارنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىدىكەن، ئۇ كىتابتىكى ھېكايىلەرنى ئېسىدە قالدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىكى ياخشى يېزىلغان تەسىرلىك سۆز - جۈملىلەرنى ئۈزۈندە قىلىپ خاتىرە دەپتىرىگە يېزىۋالىدىكەن. ئۇ ئېسىگە ئېلىۋالغان سۆز - ئاتالغۇلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنى ئىشلىتىشكىمۇ ماھىر ئىكەن. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ ھەر قېتىم يازغان ماقالىسى ئوبدان چىقىدىكەن، سالام خەت، كۈندىلىك خاتىرىسىمۇ شۇنداق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆگىنىش

بولۇپ ، ئەقىللىق ، ئېتىك باللار ئىدى . بۇ قېتىم بىز راسا خۇشال ئويىندۇق . قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلار كۆندى-لىك خاتىرە يېزىپتۇ . ئۇلارنىڭ بىرى يېرىم بەتچە بىر نېمە يېزىپتۇ . ئېخى ئۇنىڭدا خېلى نۇرغۇن ئىملا خاتاسى بار ئىدى . ئۇ پالانى ئاپىنىڭ پالانى كۈنى ، پالانچى بىلەن هايۋا-ناتلار باغچىسىغا بېرىپ ، ئايلىنىپ كەلگەنلىكىنىلا تىلغا ئاپتۇ . ئاخىرىدا هېسابات يازغاندىكىدەك ئاق ئېيىق ، پىل ، مايمۇن ، شىر ، قۇلان ، توز دېگەندەك بەزى هايۋانلارنىڭناملىرىنى قاتىرىسىغا تىزىپ چىقىپتۇ ـ دە ، «بەك ياخشى ئوينىدىم» ، قايتىپ كېلىپ ، تامىقىمنى يەۋېلىپ ، ئۇخلاپ قالدىم ، دەپ تۈگىتىپتۇ . باللارنىڭ يەنە بىرى بولسا ، ئىككى بەتچە خاتىرە يېزىپتۇ . ئۇ شۇ كۈنلۈك هاۋا رايى ۋە هايۋانات باغچىسىنى سەيلە قىلغۇچىلارنى يېزىشتىن باش-لاپ هايۋاناتنىڭ ، مەسىلەن ، ئاق ئېيىق ، پىل ، قۇلان ، توز قاتارلىقلارنىڭ هەرىكەتلىرى ، تۈرقى ، تېرە ـ يۇڭلىد-رى ، پەيلىرىنىڭ رەڭگى قاتارلىقلارنى ئىنتايىن جانلىق ۋە ئېنىق يېزىپتۇ ؛ هەتتا مېنىڭ ئۇلارغا دېگەن سۆزلىرىمنىمۇ يېزىپ قالدۇرۇپتۇ . مەن ئۇلارغا : «مەن كىچىك چېغىمدى-مۇ بۇ هايۋانات باغچىسىغا كەلگەنىدىم ، ئۇ چاغدا بۇ باغچە ‹تۇمەن هايۋانلىق باغچە › دەپ ئاتالسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭدا پەيلىرى چۇشۇپ كەتكەن توز ، قېرىپ ماغالماي قالغان پىل ، ئاچلىقتىن ئېخىمۇ ئورۇقلاپ سەتلىشىپ كەتكەن ماي-مۇن ... قاتارلىق ئادەتتىكى بىرنەچچىلا هايۋان بار ئىدى . هازىر هەقىقەتەنمۇ شۇنچە نۇرغۇن قىممەتلىك قۇشلار ۋە ئاجايىپ ياۋايى هايۋانلار بار بولۇپلا قالماستىن ، هەر يىلى

تونۇشتۇڭلار؟ سىلەر تۇرۇشلۇق يەردە شارقىراپ قاتتىق
يامغۇر ياغدىمۇ؟ دەريا ۋە ئۆستەڭلەردە سۇ كۆتۈرۈلدىمۇ؟
هۆلچىلىك ياكى قۇرغاقچىلىقتىن ساقلىنىش خىزمەتلىرىگە
قاتناشتىڭلارمۇ؟ بۇ بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە
ئەستە ساقلاشقا ئەرزىگۈدەك قانداق ئىشلار يۈز بەردى؟ بۇ
ئىشلارنى كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىڭلارغا يازدىڭلارمۇ ياكى
ئۇرۇق - تۇغقان، دوستلىرىڭلارغا سالام خەت يوللىغاندا
يېزىپ ئەۋەتتىڭلارمۇ؟

كىچىك دوستلار، سىلەر سالام خەت يېزىشنى ۋە كۈن-
دىلىك خاتىرە يېزىشنى ياخشى كۆرەمسىلەر؟ يازغان ۋاق-
تىڭلاردا قىيىنچىلىق ھېس قىلامسىلەر؟ قەلەمنى قولۇڭ-
لارغا ئالغىنىڭلاردا يازىدىغان سۆز تاپالماي قالغان ياكى
ئويلىغىنىڭلارنى ئىپادىلىيەلمەي قالغان ۋاقتىڭلار بولدى-
مۇ؟ ياكى كۆز ئالدىڭلاردا شەيئىلەرنىڭ ئوبرازى، رەڭگى،
ھەرىكەتلىرى جىلۋىلىنىپ تۇرسىمۇ، ئۇنى تەسۋىرلەپ بې-
رەلمەي، پەقەتلا «شۇنداق چىرايلىق»، «ئاجايىپ ياخشى»،
«بەكمۇ مەنىلىك» دېگەندەك ئاددىي ۋە غۇۋا سۆزلەرنى ئىش-
لىتىپلا ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىپ يۈردۈڭلارمۇ؟
شۇنداقلا، سىلەردە يەنە قەلەمنى قولغا ئېلىش بىلەنلا خەت-
لەرنى قىڭغىر- سىڭغىر يازىدىغان، سالام خەت، كۈندىلىك
خاتىرىلەرنى يازغاندا ئىملا خاتاسىغا يول قويىدىغان ئەھۋال-
لارمۇ بارمۇ؟

بۇ يىل يازدا مەن ئىككى كىچىك دوست بىلەن بېيجىڭ-
نىڭ غەربىدىكى هايۋانات باغچىسىنى ئايلىنىپ كەلدىم. بۇ
بالىلار باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 - يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى

# *4 . كىچىك ئوقۇرمەنلەرگە يېزىلغان خەت[1]

سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار :



بىڭشىن

سىلەر بۇ خەتنى ئوقۇۋاتقان ۋاقتىڭلاردا ، ئاللىقاچان يېڭى ئوقۇش يىلىنى باشلىۋەتكەنسىلەر ؛ يازلىق تەتىلدە دەم ئېلىپ ، يېڭىۋاشتىن مەكتەپكە بارغاندا چوقۇم يېڭىلىق ۋە خۇشاللىق ھېس قىلغانسىلەر .

كىچىك دوستلار ، يازلىق تەتىلدىكى تۇرمۇشۇڭلار مەزمۇنلۇق ئۆتكەندۇ ؟ قايسى جايلارغا باردىڭلار ؟ قانداق ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرگە قاتناشتىڭلار ؟ قايسى كىتابلارنى ئوقۇدۇڭلار ، قانداق تىياتىر ۋە كىنولارنى كۆردۇڭلار ؟ قانداق ياخشى دوستلار بىلەن

---

① بۇ تېكست جۇڭگونىڭ 20 ـ ئەسىردىكى داڭلىق بالىلار يازغۇچىسى بىڭشىن خانىمنىڭ ئەسىرى . بىڭشىن ئۇنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ «مۇز يۈرەك» دېگەن مەنىدە .

تەكلىماكاننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈش سەپىرىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى . بۇ سەپەردە تەكلىماكاننى ئې- چىش ھەققىدە نۇرغۇن ئىلمىي ئاساسلارغا ئىگە بولدۇق .

## كۆنۈكمە

1 . تەكلىماكاننى كىشىلەر نېمىدەپ ئاتىغان ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق ، ئۇ يەر نېمە ئۈچۈن جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى نۇرغۇن ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ ؟ چۈشەنچەڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار .

2 . قۇملۇقتىكى ئۆزگىچە مەنزىرە ۋە ئۆزگىرىشلەرنى تۆۋەندىكى تېزىس بويىچە تەسۋىرلەپ يېزىڭلار .

1) پايانسىز قۇملۇق ؛
2) قۇملۇقنىڭ ھاۋا كىلىماتى ؛
3) قۇملۇقتىكى قۇياش ؛
4) قۇملۇقتىكى ئاي ؛
5) قۇملۇقتىكى توغراق ۋە يۇلغۇنلار .

3 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭ- لار .

| | | |
|---|---|---|
| ھالاكەت | ئېكسپېدىتسىيە | ئېكسپېدىتسىيىچى |
| مۇۋەپپەقىيەتلىك | قۇم چاڭغىسى | |
| كۆچمە قۇم | قۇم بارخانلىرى | |
| موما | جەڭگاھ | |

كالته ئىشتان بىلەن ئاسما مايكىمىز لا قالاتتى ، شۇنداقتىمۇ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپ كېتەتتۇق . قۇملۇقتا كۈن-نىڭ چىقىشى ۋە ئولتۇرۇشىمۇ ئۆزگىچە بولىدىكەن . چى-رايلىق جۇلالىنىپ تۇرىدىغان شەپەق نۇرى قۇملۇقتا ئەكس ئەتكەندە ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە مىڭ خىل ئۆزگىرىدى-كەن . كېچىسى قۇملۇقتا چېدىر تىكىپ ، قۇمنىڭ ئۈستىدى-لا ياتاتتۇق . يىراقتىن قارىغاندا ، بۇ چېدىرلار قۇم دېڭىزى-دىكى يەلكەنلىك كېمىلەردەك كۆرۈنىدىكەن . ئاي تولۇق چىققان ، هاۋا ئوچۇق كېچىلىرى ، ئاي گويا قولنى سوزسىلا تۇتۇۋالغىلى بولىدىغاندەك يېقىنلا كۆرۈنىدىكەن .

بىز ئادەمسىز رايوندا بەش كۈن ئەمەس ، توققۇز كۈن يۈردۇق . سەككىزىنچى كۈنى بىر دەريا ئىزىنى ئۇچراتتۇق . ئۇزاقتىن بىرى بۇ دەرياغا سۇ كەلمىگەچكە ، بۇ يەردىكى تۇتاش كەتكەن توغراقلار تامامەن دېگۈدەك قۇرۇپ كېتىپ-تۇ ، ئاندا - ساندا كۆكلەپ تۇرغان توغراق ۋە يۇلغۇنلار بار ئىكەن . توققۇزىنچى كۈنى ، ئالدىمىزدا تۇتاش كەتكەن توغراقلىق كۆرۈندى . قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياپيېشىل ياشىرىپ تۇرغان توغراقلىقنىڭ بولۇشىنى زادىلا ئويلاپ كۆرمىگەن ئىكەنمىز . توغراقلىق ئارىسىدا قىپقىزىل يۇل-غۇنلارمۇ بار ئىدى . ئۇلار جەڭگاھتا تۇرغان قاراۋۇللاردەك مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى . يەنە ئىككى سائەت مېڭىپ ، كېرىيە دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدۇق .

سىز رايون خوتەن دەرياسى بىلەن كېرىيە دەرياسىنىڭ ئوت-
تۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردىن بەش كۈندە ئۆتۈپ
بولۇشنى پىلانلىغانىدۇق. ئەمەلىيەتتە، ئۇنداق ئاسانغا
چۈشمىدى. ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىمىز يولغا چىقىپ، خو-
تەن دەرياسىدىن 2 — 3 كىلومېتىر يىراقلاشقانغا قەدەر
ئاز - تولا توغراق، يۇلغۇنلار ئۇچراپ تۇردى، كېيىن
باش - ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان پايانسىز قۇم دېڭىزىغا كىرىپ
كەتتۇق. يىراقتىن قارىغاندا، بۇ ئېگىز - پەس قۇم بارخان-
لىرىنىڭ بەزىلىرى ئۆركەشلەپ تۇرغان دېڭىز دولقۇنىغا
ئوخشىسا، بەزىلىرى تولغىنىپ ياتقان ئەجدىھاغا ئوخشايت-
تى. كۆچمە قۇمدا مېڭىش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، بىر
قەدەم ئالغا ماڭساق، يېرىم قەدەم ئارقىغا تېيىلىپ كېتەت-
تۇق. قۇم چاڭغىسى بىلەن ماڭساق، ئانچە كۆچەپ كەت-
مەيتتۇق. ئالدىمىزدا ئېگىز قۇم دۆڭلىرى ئۇچراپ قالسا،
ئايلىنىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتۇق. يۆنىلىشتىن ئېزىپ
كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئالدىدا مېڭىپ، قۇم دۆڭىگە چىققانلار
«موما» قاداپ قوياتتى. ئارقىدا كېلىۋاتقانلار كومپاس بى-
لەن ئورۇننى بەلگىلەپ، ئاندىن يېتىشىپ ماڭاتتۇق. تاماق
يەپ بولغاندىن كېيىن، قاچا - قۇچىلىرىمىزنى قۇم سۈر-
تۈپ يۇياتتۇق. بۇنداق قىلغاندا ھەم قاچا پاكىز بولىدىكەن،
ھەم سۇنى تېجەپ قالغىلى بولىدىكەن.

قۇملۇقتا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى
ناھايىتى زور بولۇپ، ئەتىگەندە يۇڭ پوپايكا، قېلىن شىم-
لارنى كىيىۋالساق، چۈش بولغۇچە بىر - بىرلەپ سېلىپ،

# 3 . تەكلىماكاننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈش

تەكلىماكان قۇملۇقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى-
نىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا
جايلاشقان بولۇپ ، يەر كۆلىمى 337 مىڭ كۋادرات كىلومې-
تىر ، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ كۆچمە قۇملۇق . بۇ
يەرنىڭ هاۋا كىلىماتى ئىنتايىن قۇرغاق ، قۇم - بورانلىرى
خەتەرلىك ، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «هالاكەت دېڭىزى» دەپ
ئاتىغان . بىراق ، تەكلىماكان تەبىئىي شارائىت جەھەتتىكى
ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى ، كۆمۈلۈپ ياتقان قەدىمىي يادى-
كارلىقلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن قەدىمدىن تارتىپ جۇڭگو
ۋە چەت ئەللەردىكى نۇرغۇن ئېكسپېدىتسىيىچىلەرنى ئۆزىگە
جەلپ قىلغان . ئۇ ، قەدىمدە يىپەك يولى ئۆتىدىغان مۇھىم
جاي بولۇش بىلەن دۇنياغا تونۇلغان .

ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىمىز تەكلىماكان چوڭ قۇملۇ-
قىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈش سەپىرىنى باشلاپ ، 38
كۈن ئىچىدە 600 نەچچە كىلومېتىر يول يۈردۈق . سەپەر
جەريانىدا ئەڭ مۇشەققەتلىك بولغىنى ، قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرى-
سىدىكى 100 نەچچە كىلومېتىرلىق ئادەمسىز رايوندىن مۇ-
ۋەپپەقىيەتلىك هالدا پىيادە كېسىپ ئۆتۈش بولدى . ئادەم-

ئاتا ـ بوۋام تىلى سەن ،
ئۈزۈلمەستىن كېلىسەن .
نۇر چاچقۇچى ئالەمگە ،
بارچە تىلنىڭ خىلى سەن .

بوۋام مەھمۇد ، يۈسۈپ خاس ،
قۇچقان شەرەپ ساڭا خاس .
يۈكسىلىمىز سەن بىلەن ،
تېپىپ ئەقىل ـ ئىبتىراس .

5 . ئۆزۈڭلار ئاڭلىغان ، ئۇچراتقان ، ئوقۇغان ۋە ئويـ
لىغان بىرەر ھېكايە ياكى ۋەقەلىكنى ئىخچام ، جانلىق سۆز ـ
لەپ بېقىڭلار .

6 . كۈز ئايلىرى قايسىلار ؟ ھەرقايسىسىنىڭ ھاۋا را ـ
يىدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ ؟ تەبىئەتتە ، ئادەملەرنىڭ
يۈرۈش ـ تۇرۇشى ، كىيىم ـ كېچەكلىرىدە قانداق ئۆزگىـ
رىشلەر بولىدۇ ؟ تەپسىلىي كۆزىتىپ ، بىر پارچە ئەسەر
يېزىپ كېلىڭلار .

3 . تۆۋەندىكى بىر ئابزاس سۆزنىڭ مەزمۇنىدا بىر تەرەپلىمىلىك بارمۇ ـ يوق ؟ تالاش ـ تارتىش قىلىپ بېقىڭلار :

سىرتقى گۈزەللىك ۋاقىتلىق ، ئۇ ئادەمگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولالمايدۇ . ئىچكى گۈزەللىكلا ھەقىقىي گۈزەللىك ، ئۇ ئادەمگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولىدۇ ، تۈگىمەس بەخت بۇلىقىنىڭ كۆزىنى ئېچىپ بېرىدۇ . شۇڭا ، سىرتىڭلارنى بېزەشكە خۇشتار بولۇپ كەتمەي ، ئىچىڭلارنى بىلىم بىلەن زىننەتلەشنى ئۆگىنىڭلار .

4 . تۆۋەندىكى شېئىرنى ئۈنلۈك ، ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار ھەمدە يادلىۋېلىڭلار .

## ئانا تىلىم

ئانا تىلىم ، ئۆز تىلىم ،
غۇرۇرى سەن قەلبىمنىڭ .
ئەكس ئېتەر سەن بىلەن ،
چىن ئوبرازى خەلقىمنىڭ .

سەن چىقاردىڭ تىلىمنى ،
ئېگىلەتتىڭ بىلىمنى .
تونۇدۇم مەن سەن بىلەن ،
ئەجدادىمنى — ئېلىمنى .

## بىرىنچى مەشىق

1 . تۆۋەندىكى سۆزلەرنى سىلىشتۇرۇپ ئوقۇڭلار ، مە-
نە جەھەتتە ئۇلاردا قانداق ئوخشىماسلىق بارلىقىنى ئېيتىپ
بېرىڭلار .

| | |
|---|---|
| ھېيلىگەر — قۇۋ | خۇددى — گويا |
| ئەھمىيىتى — مەنىسى | سەن — سىلى ، سىز |
| پەقەت — ئەمما | كىمە — قېيىق |

2 . تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئاڭلاپ يېزىڭلار ، خەتنى
چىرايلىق ، تىنىش بەلگىلىرىنى جايىدا قويۇپ ، رەتلىك
يېزىشقا دىققەت قىلىڭلار .

1 ) مەن ئانا ۋەتەن قوينىدا ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان بىر
غۇنچە ، ۋەتەننى سۆيۈش مېنىڭ بۇرچۇم .

2 ) ئانا بىر ئائىلىنىڭ قۇياشى ، ئۇ بۇ ئائىلىگە ۋە
ئائىلە ئەزالىرىغا سۆز بىلەن تەرىپلەش قىيىن بولغان ئىل-
لىقلىق ئاتا قىلىدۇ .

3 ) ئادەمنىڭ قىممىتى ئىرادىلىك بولۇشتا ئىپادىلىنى-
دۇ . ئۆسمۈرلۈك مەزگىل ئىرادىنى چېنىقتۇرۇشنىڭ تازا
ئوبدان پۇرسىتى .

4 ) ياخشى بىر كىتاب ئوقۇش نۇرغۇن ئالىيجاناب
كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكەنگە ئوخشايدۇ .

پايانسىز يايلاقلار ، (  ) قارىغايلار كىشىنى ئاجا-
يىپ (  ) .

2 ) ئۈشتۈمتۈت (  ) ئۆزگەردى . (  )
ئاسمان (  ) تۇسكە كىرىپ ، بىردىنلا (  )
چىقىشقا باشلىدى . شامال بارا - بارا ئەدەپ (  )
ئايلاندى . ئورمانلار قورقۇنچلۇق (  ) باشلىدى .

3 ) قارىغايىنىڭ ئوق يىلتىزى يوغان (  ) دۈچ
كەلگەن ، لېكىن ئۇ ، ئۇنىڭدىن (  ) ئەگىپ ئۆتۈپ
كەتمىگەن . تاشنىڭ (  ) تېپىشۋېلىپ ئۇدۇل ماڭغان .
ئاخىرى تاش (  ) ، ئۇنىڭغا يول بەرگەن .

4 ) سۆگەتنىڭ يىلتىزى (  ) ئۇدۇل ماڭماي ،
(  ) يان - يېنىغا قاراپ مېڭىپتۇ . تېخى بەزى
(  ) تۇپىنىڭ ئۈستىدىلا تۇرۇپتۇ .

5 ) (  ) راست قورقۇنچاق . ئۇ (  )
قورقۇپ ، قەيەر (  ) بولسا ، شۇ ياققا قاراپ يىلتىز
تارتىدۇ ، (  ) بولسا باتۇر ... ئۇ قىش - ياز
(  ) تۇرىدۇ . ئۆمرىمۇ (  ) . ياغىچىمۇ
(  ) ناھايىتى قىممەتلىك ماتېريال .

تىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، ئۇ، قىش - ياز ياپيېشىل كۆكىرىپ تۇرىدۇ. ئۆمرىمۇ ئۇزۇن. ياغىچىمۇ قۇرۇلۇش-لاردا ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىيال.

شامال توختاپ قالغانىدى. بىز بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ، يەنە چوققىغا قاراپ ماڭدۇق.

مەن ئوغلۇمنىڭ چوققىدىكى كۆركەم ۋە ھەيۋەت قارىغايغا قاراپ گويا كېيىكتەك چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىپتىخارلىق ئىلكىدە كۈلۈمسىرىدىم.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) پەرھات بوۋاينىڭ گېپىدىن نېمىنى چۈشەندى؟

2) قارىغايدا كۆپلىگەن خىسلەتلەر بار ئىكەن. ئۇنداقتا سۆگەتتە ھېچقانداق خىسلەت مەۋجۇت ئەمەسمۇ؟ قارىشىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ.

2. تېكىستتىن قارىغاي بىلەن سۆگەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى يېزىلغان ۋە سېلىشتۇرۇلغان جۈملىلەرنى تېپىپ دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈۋېلىڭلار.

3. تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ، بېرىلگەن جۈملىلەردىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.

1) غۇر - غۇر شامال يۈزلىرىمنى ( )، قۇلاقلىرىمغا نېمىلەرنىدۇر ( ). تاشتىن - تاشقا ( ) ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرى، ( ) تولغان

مەنمۇ ئىلگىرى قارىغايلارنىڭ يىلتىزىغا ئانچە دىققەت قىلمىغان ئىكەنمەن ، ئەمدى كۆردۈمكى ، تىك قىيا ئۈستىدە تۇرغان بۇ قارىغاينىڭ يىلتىزى راستتىنلا تاشلارنى يېرىپ كىرىپ كېتىپتۇ . مەن قايىللىق بىلەن بېشىمنى لىڭشىتتىم .

— گەپ يىلتىزىدا دېگىنىم شۇ ، — دېدى بوۋاي كۈلۈپ تۇرۇپ ، — مانا قارا ، ئۇنىڭ ئوق يىلتىزى يوغان تاشلارغا دۇچ كەلگەن ، لېكىن ئۇ ، ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئەگىپ ئۆتۈپ كەتمىگەن . تاشنىڭ قىلدەك يېرىقلىرىنى تېپىۋېلىپ ئۇدۇل ماڭغان . ئاخىر تاش چاك - چاك يېرىلىپ ، ئۇنىڭغا يول بەرگەن . ئاۋۇ سۆگەتچۇ ؟ ئۇنىڭ يىلتىزىغا قاراپ باق ، بېرى كەل !

بىز سۆگەتنىڭ يېنىغا كەلدۇق . ئوغلۇم ئۇنىڭغا قاراپلا يەنە سۆزلەپ كەتتى :

— راست ئىكەن دادا ، قارا ، ماۋۇ سۆگەتنىڭ يىلتىزى قارىغاينىڭكىدەك ئۇدۇل ماڭماي ، ئۆمۈچۈكنىڭ پۇتلىرىدەك يان - يېنىغا قاراپ مېڭىپتۇ . تېخى بەزى يىلتىزلىرى توپىنىڭ ئۈستىدىلا تۇرۇپتۇ . سۆگەت راستتىنلا قورقۇنچاق ، چىدىماس ئىكەن !

بوۋاي ئىككىمىز ئۇنىڭ گېپىدىن كۈلۈپ كەتتۇق .

— توغرا شا كىچىك ، سۆزۈڭ توغرا ، — دېدى بوۋاي ۋە ئۆيگە قايتىپ كېتىۋېتىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ، — سۆگەت راست قورقۇنچاق . ئۇ ، جاپادىن قورقۇپ ، قەيەر يۇمشاق بولسا ، شۇ ياققا قاراپ يىلتىز تارتىدۇ ، قارىغاي بولسا باتۇر . شۇڭا ، كىشىلەرنىڭ ئەزەلدىن قارىغاينى ماختا-

— ۋۆي ، راست ئۆنىڭ يىلتىزى تاشلارنى يېرىپ ، يەر ئاستىغا كىرىپ كېتىپتىغۇ ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى .



مەكچى بولۇۋاتاتتىم ، ئاڭغىچە قازاق بوۋاي :

— بۇنى توغرا بايقاپسەن ئوغلۇم ، سۆگەت دېگەن ئاجىز ، يىلتىزى بوش دەرەخ ، ئەگەر ئۇمۇ ئاۋۇ قارىغايلاردەك يەرگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولسا ، مۇنداق ئىرغاڭلاپ كەتمەيتتى . گەپ يىلتىزىدا ، — دېدى ۋە ئوغلۇمغا قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى .

ئوغلۇم بوۋاينىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمىگەندەك بىردەم بوۋايغا ، بىردەم ماڭا قارىدى . مەن سۆگەتكە يەنە قارىدىم . بوران بايىقىدىن خېلى پەسلەپ قالغان بولسىمۇ ، لېكىن «چاچ ـ ساقال »لىرى تۆكۈلۈپ ، يالىڭاچلىنىپ قالغان بۇ دۈمچەك سۆگەت هازىرلا تۈپ يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇپ كېتىدىغاندەك باشلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ توختىماي ئىرغاڭلايتتى .

ئۇزاق ئۆتمەي بوران ئاستا ـ ئاستا پەسلەپ قالدى . بوۋاي بىردىنلا قىلىۋاتقان ئىشىنى قويۇپ :

— مېنىڭ بايىقى سۆزۈمنى چۈشىنەلمىدىڭ شاكىچىك ، يۈر ، مەن ساڭا قارىغاي بىلەن سۆگەت يىلتىزىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قوياي ، — دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئوغلۇمنى باشلاپ ماڭدى . مەنمۇ ئۇلارغا ئەگەشتىم .

— قارا ، — دېدى بوۋاي قىيا ئۈستىدە مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ياش بىر قارىغاينى كۆرسىتىپ ، — بۇ قارىغاينىڭ يىلتىزى قانداق تۇرۇپتۇ ، ئوبدان قاراپ باقە !

پەرهات قارىغاينىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ ، سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن :

شى ، بىلىۋېلىشى ئۈچۈن ، ئۇنى ئەڭ مەنزىرىلىك جايلارغا ۋە ئېگىز چوققىلارغا ئېلىپ چىقتىم . راسا پەيز قىلىپ تاماشا قىلىۋاتاتتۇق ، ئۇشتۇمتۇت ھاۋا ئۆزگەردى . ئوچۇق ئاسمان سارغۇچ تۇسكە كىرىپ ، بىردىنلا شامال چىقىشقا باشلىدى . شامال بارا - بارا ئەدەپ ، بورانغا ئايلاندى . ئورمانلار قورقۇنچلۇق گۇرۇلدەشكە باشلىدى . بىز دەرھال چوققىدىن پەسكە قاراپ ماڭدۇق ، تەلىيىمىزگە يېقىنلا يەردە بىر قازاق چارۋىچىنىڭ كىگىز ئۆيى بار ئىكەن ، بىز شۇ ئۆيگە قاراپ يۇگۇردۇق .

بىزنى 60 ياشلاردىن ئاشقان ، ئاق ئارىلاش كەكە ساقال- لىق بىر بوۋاي خۇشال قارشى ئالدى ۋە ئەتكەنچاي بىلەن مېھمان قىلدى . مەن بوۋاي بىلەن پاراڭلاشقاچ كىگىز ئۆي- نىڭ ئىشىكىدىن سىرتقا قارىدىم . سىرتتا ئاجايىپ - غارا- يىپ تاۋۇشلارنى چىقىرىپ بوران گۇرۇلدەۋاتاتتى . ئوغلۇم ئۇشتۇمتۇت ئاجايىپ بىر نەرسىنى كۆرگەندەك :

— دادا ئاۋۇ دەرەخنى قارا ! — دەپ بالىلارچە ۋارقىرى- ۋەتتى ۋە يېقىنلا يەردىكى بىر دۆمچەك سۆگەتنى ئىشارەت قىلىپ سۆزلەپ كەتتى ، — قارا ئۇنى ، ھازىرلا شامال يىقىتىۋېتىدىغان بولدى . ئۇ نېمە دەرەخ دادا ؟

— ئۇ سۆگەت ، ئوغلۇم .

— ئاۋۇ قارىغايلار ئەجەب چىڭ تۇرىدىكەنغۇ ، سۆگەت نېمىشقا مۇشۇنچىلىك شامالغا چىدىماي شۇنچە ئىرغاڭلايدۇ دادا ؟

مەن ئوغلۇمنىڭ بۇ سوئالىغا قىزىقىپ ، بىرنەرسە دې-

# 2 . قارىغاي ۋە سۆگەت

يازلىق تەتىل كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ، 11 ياشلىق ئوغلۇم
پەرھاتنى ئېلىپ ، سەيلىگە چىقتىم . تاغنىڭ ھاۋاسى سال-
قىن ئىدى . غۇر - غۇر شامال يۈزلىرىمنى سۆيۈپ ، قۇلاق-
لىرىمغا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى . تاشتىن - تاشقا سەك-
رەپ ئويناقشىپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرى ، گۈل - چېچەككە
تولغان پايانسىز يايلاقلار ، ياپېشىل قارىغايلار كىشىنى ئا-
جايىپ زوقلاندۇراتتى .

ئوغلۇم مۇنداق گۈزەل مەنزىرىلەرنى تۇنجى قېتىم كۆ-
رۈۋاتقاچقىمۇ ، تايچاقلاردەك قىيغىتىپ كەتتى ، قىن - قى-
نىغا پاتماي ، گاھى يۇمشاق چىملار ئۈستىدە موللاق ئېتىپ
ئوينىسا ، گاھى جىرالاردىن مەرۋايىت ئۈنچىلەرنى چاچرى-
تىپ شارقىراپ چۈشۈۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇدا راھەتلىنىپ
يۈز - كۆزلىرىنى يۇياتتى . گاھىدا گۈلدىن - گۈلگە قونۇپ
يۈرگەن كېپىنەكلەرنى قوغلاپ كېتەتتى . تۈرلۈك خىلمۇ-
خىل قۇشلارنى كۆرۈپ ھەيران بولغىنىدىن : «دادا ، ئاۋۇ
قۇش ئەجەب چىرايلىقكەن - ھە ؟ » ، «دادا ، ئۇنى نېمىدەپ
ئاتايدۇ ؟ » دېگەندەك سوئاللارنى سوراپ ، ئاغزى بېسىلماي
چاقىلدايتتى .

مەن ئوغلۇمنىڭ تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى كۆرۈۋېلى-

ماقال ـ تەمسىللەرنى يازالامسىلەر؟

1) مەكتەپ بىلىم بۇلىقى،

بىلىم ئەقىل چىرىغى.

2) بىلىم — ئىجاد ئۇرۇقى.

5. شېئىردىكى ئوخشىتىشلارنى تېپىڭلار. نېمىنىڭ نېمىگە ئوخشىتىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

كۆن تۇتۇلار قايسى كۆن ، قايسى سائەت ، مىنۇتتا ،
يامغۇر ياغار قايسى چاغ ، قايدىن كەلگەن بۇلۇتتا .
ئالدىن بىلەر قۇدرەت يوق بىلىمى كەم ۋۇجۇدتا ،
پەن ھاياتنىڭ كۆزى ھەم قۇلىقىدۇر ، ئوقۇڭلار .

ئوقۇڭ ئوغلۇم ، سىز ئۈچۈن پەندىن كېلەر پاراغەت ،
ئوقۇڭ قىزىم ، كۈتمەكتە سىزنى پەندە سائادەت .
جاھان كۈتەر سىلەردىن مۆجىزەيۇ ـ كارامەت ،
ئىمتىھانلار شۇلارنىڭ سىنىقىدۇر ، ئوقۇڭلار .

ئۇستاز دېگەن ئۇلۇغدۇر ، ئاتا ـ ئانا مىسالى ،
ئەمما ، ئەدەپ ـ ئەخلاقتۇر ئاۋۋال كۈتكەن نىشانى .
شۇنداق دەۋەت مېنىڭمۇ بۇرچۇم ئىكەن ئىنسانىي ،
ئۇستاز شۇڭا ئۇلۇغنىڭ ئۇلۇغىدۇر ، ئوقۇڭلار .

## كۆنۈكمە

1 . شېئىرنى ھېسسىياتلىق ، ئۇنلۇك ئوقۇڭلار .

2 . شېئىردا بايان قىلىنغان مەزمۇننى ئۆزۈڭلارنىڭ چۈشەنچىسىگە باغلاپ بايان قىلىپ بېقىڭلار .

3 . شېئىردىكى ئۆزۈڭلارغا ئەڭ يارىغان مىسرالارنى تېپىپ ، دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈۋېلىڭلار ، سىنىپتا ئوقۇپ ، ئۆزئارا سېلىشتۇرۇڭلار .

4 . شېئىر مەزمۇنىغا ماس كېلىدىغان تۆۋەندىكىدەك

# 1 . ئوقۇڭلار

مەكتەپ دېگەن بىلىمنىڭ بۇلىقىدۇر ، ئوقۇڭلار ،
بىلىم دېگەن ئەقىلنىڭ چىرىغىدۇر ، ئوقۇڭلار .
بىلىملىكلەر گوياكى تاڭ سەھەرنىڭ چولپىنى ،
ئوقۇماسلىق نادانىنىڭ قىلىقىدۇر ، ئوقۇڭلار .

كارامىتى بۈيۈكتۇر ئىلىم - ئېرپان ، ئوقۇشنىڭ ،
سىرلىرىنى پەن ئاچتى تاشتىن گەزمال توقۇشنىڭ .
ۋاقتى كەتتى كالتەكلەپ كۆممىقوناق سوقۇشنىڭ ،
پويىز — بۈگۈن ئىنساننىڭ ئۇلىغىدۇر ، ئوقۇڭلار .

يەردىن ئۇچتى غارقىراپ يۇلتۇزلارغا ئىنسانلار ،
يۇلتۇزلاردىن بىزگىمۇ كېلەر ئەمدى مېھمانلار .
توك ئىلمىدىن تېپىلدى ، شۇ ئۇچۇشقا ئىمكانلار ،
تۈندە چۈشكەن نۇر شۇنىڭ يورۇقىدۇر ، ئوقۇڭلار .

ئۆيدە تۇرغان ئۈنئالغۇ ئىلىم - پەننىڭ دەلىلى ،
كۆرسەتمەكتە تېلېۋىزور جاھاندىكى جىمىنى .
گاز ئوچاقلار ھەل قىلدى يېقىلغۇنىڭ غېمىنى ،
بىلىم شۇنداق ئىجادنىڭ ئۇرۇقىدۇر ، ئوقۇڭلار .

11 . چۈمۈله ........................... 89
* 12 . نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى .............. 101
بەشىنچى مەشىق ................................ 105
13 . سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق ..................... 110
يېزىقچىلىق
مول تەسەۋۋۇرنى قانات يايدۇرۇش ............ 118
ئالتىنچى مەشىق ................................ 120
* 14 . خاتا بېسىلغان بىر قەدەم .................. 123
15 . بېلىقچى بوۋاي بىلەن ئالتۇن بېلىق ھەققىدە
چۆچەك ........................................ 134
16 . رۇستەم ...................................... 143
يېزىقچىلىق
تاشقى قىياپەت ۋە روھىي ھالەت ............ 152
يەتتىنچى مەشىق ................................ 154
18 . ئۆسمۈر رۇڭ تۇ .............................. 157
* 19 . كەلگۈسىنىڭ شائىرى ......................... 165
يېزىقچىلىق
شەخسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتۇش لازىم ... 187
سەككىزىنچى مەشىق ................................ 191
سۆزلەرگە ئىزاھات................................ 194


«*» بەلگىسى قويۇلغانلار مۇستەقىل ئوقۇش تېكىستلىرى

## مۇندەرىجە


1 . ئوقۇغۇچىلار ........................................ 1
2 . قارىغاي ۋە سۆگەت ................................ 4
بىرىنچى مەشىق ...................................... 11
3 . تەكلىماكاننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈش ............ 14
* 4 . كىچىك ئوقۇرمەنلەرگە يېزىلغان خەت ............ 18
5 . يەن لىمىنگە مەكتۇپ ................................ 24
* 6 . كىتاب ئوقۇشتىن خاتىرە ............................ 29
يېزىقچىلىق
ئاساسىي ۋە ئىككىنچى ئورۇندىكى مەزمۇنلار ... 33
ئىككىنچى مەشىق ...................................... 37
7 . نەسرىدىن ئەپەندى بالىلار ئارىسىدا ............ 40
8 . خۇاڭخې پىلى ........................................ 55
يېزىقچىلىق
مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئاساسلىق ۋە
ئىككىنچى ئورۇندىكى مەزمۇنلارنى پەرقلەندۈرۈش ... 61
ئۈچىنچى مەشىق ...................................... 65
9 . ئايدىڭ كۆيى ........................................ 69
10 . مۇزىكاخۇمار يانكو ................................ 75
يېزىقچىلىق
شەيئىلەرنى پەرقلەندۈرۈش ۋە باغلانما تەسەۋۋۇر ... 83
تۆتىنچى مەشىق ...................................... 86

يىسىنىڭ تەلىپىگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە لايىقلاشتۇرۇ-لۇپ ، قۇرۇلما ، مەزمۇن ۋە كۆنۈكمە سوئاللىرى مەلۇم دەرىجىدە تەڭشەلدى . بۇ ئارقىلىق كەڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇ-غۇچىلارنى ساپا مائارىپىنىڭ تەلىپى ۋە يېڭى دەرس ئىدىيە-سى بويىچە تۈزۈلگەن تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكلىرى بىلەن رەسمىي ئۇچراشقاندا تېز ماسلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش مەقسەت قىلىندى .

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى
2005 - يىل 6 - ئاي

# نەشرىياتتىن

بۇ دەرسلىك ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ، باشلانغۇچ مەكتەپ «تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروگراممىسى»نىڭ تەلىپى بويىچە نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن 1991 ـ يىلى تۈزۈپ چىقىلغان . ئاپتونوم رايون- لۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ «مىللىي تىل ـ يېزىقتىكى دەرسلىكلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋاقىتلىق گۇرۇپپىسى» تەكشۈرۈپ چىقىپ ، شۇ يىلىدىن باشلاپ «سىناق دەرس- لىك» قىلىپ قوللىنىشنى بېكىتكەن .

بۇ دەرسلىك 1991 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىق سىستېمىسىدىكى باش- لانغۇچ مەكتەپلەردە ئىزچىل قوللىنىلىپ ، ئەۋلادلارنىڭ تىل- ئەدەبىيات ساپاسىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە ئۆز رولى- نى كۆرۈنەرلىك جارى قىلىپ كەلدى .

بۇ قېتىم ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئوقۇتۇش ئەمەلى- يىتى جەريانىدا تەتقىقاتچىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار بۇ دەرسلىك- نىڭ مەزمۇنى ، ئىلمىيلىقى ، ئىدىيۋىلىكى ۋە سىستېمى- سىنىڭ شۇ يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولغان ياكى بولمىغانلىقى ھەققىدە يەتكۈزگەن پىكىر ـ تەلەپلەر ئاساسىدا تۈزىتىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەر تۈزى- تىلدى . شۇنداقلا ، ساپا مائارىپىنىڭ ۋە يېڭى دەرس ئىدى-

编　　者：沙达提·依明　　تۈزگۈچى : سائادەت ئىمىن

责任编辑：牙里坤·肉孜　　مەسئۇل مۇھەررىرى : يالقۇن روزى

责任校对：阿布都热依木·阿　　مەسئۇل كوررېكتورى :ئابدۇرېھىم ئا

九年义务教育六年制小学课本

语文

第十一册

（维吾尔文）

*

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باستى

*

فورماتى : 890×1240 ، 1/32 ؛ باسما تاۋىقى : 6.5

2005 - يىل 6 - ئاي 3 - نەشرى

2005 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى

تىرازى : 1 — 193 771

ISBN7 — 5370 — 5359 — 6

G·1886（维课） باھاسى : 4.01 يۈەن



نەشر ھوقۇقى بىزدە ، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ .

بېسىش - تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ .



ئادرېس : ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169 - قورۇ


پوچتا نومۇر : 830001 ؛ تېلېفون : 0991 - 2864876

توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى بويىچە ئالتە يىللىق
باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك

# ئەدەبىيات

11 ـ قىسىم

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى



بېلىقچى بوۋاي ۋە ئالتۇن بېلىق

8320568
1377911614



ئابدۇخالىق ئۇيغۇر



ئاندېرسون ئائىلىسىدە